


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

10
2013




农村科技

رەيھان
REYIHAN
خوتەن يىپەك ئەتلىسى
和田丝绸艾德莱斯
0903-2091738
13999050472
يۇرۇڭقاش يولى 72 - قورو

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
10>
9 771004 109006




مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ھەلىمە تۇرسۇن خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ تەكلىپى بىلەن 8-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيەسى، قارىقاش ناھىيەسى ۋە بىر قىسىم يېزا بازار كەنتلەردە سەككىز مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ 1300دىن ئارتۇق ئادەمنى نەق مەيداندا تەربىيەلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە كۇرسانتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

تۇرغۇنجان تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 10 ـ سان
(ئومۇمىي 342 ـ سان)

# يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

بۇلغانمىغان كۆكتات تېرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار....گۈلباھار ھۇسىيۇن قاتارلىقلار (1)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىك نەملىكىنىڭ كۆكتاتلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە نەملىك زىيىنىدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى ........................................ مەمتىمىن ھىمىت (2)

### ئوغۇت تۇپراق

ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار......چىمەنگۈل ساقاجىيوف قاتارلىقلار (8)
تۇپراقنى تەكشۈرۈپ ئوغۇتلاشنىڭ رولى ..........................ئابلىكىم تۇرسۇن (10)
پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئوغۇتلاشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ....تۇرغۇن مەمەت (11)
ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.........................خەيرىنسا ئىبراش (12)

### باغۋەنچىلىك

بادام دەرىخىنى قىشلىق چاتاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.......مۇيەسسەر ھەسەن قاتارلىقلار (15)
چىلان كۆچىتى تىكىش ۋە تېخنىكىلىق يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى .............گۈلشەن سەمى (17)
ئۆرۈك مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى..........ئوسمان زايىت (18)
ئەنجۈرنى كۆمۈش ۋە ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار...........................قادىر ئوسمان (20)
مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۈزلۈك پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار.........مۇيەسسەر يۇسۇپ (22)
ئورگانىك مېۋە ئىشلەپچىقىرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار......غۇلام ئۆمەر باقى قاتارلىقلار (23)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

ئوسۇڭنىڭ قىرووۋسمان پاختىلىشىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش ئۇسۇلى ........ رابىيەم ئىمىن (25)
ئۆرۈكتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى...گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت (27)
چىلان مېۋىسىنىڭ يېرىلىش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ...............ئابلەت ئابلىز (28)
پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان شوخلىدىكى كۈلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى ...........................................ھۇسەنجان تىلىۋالدى (31)
زىرائەتلەردىكى دېھقانچىلىق دورا زىيىنىنى ئازايتىش تەدبىرلىرى .......مەريەمگۈل ئەخمەت (34)
قوغۇننىڭ يېرىلىپ كېتىش ۋە سېسىپ كېتىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش

يوقىتىش ئۇسۇلى ........................................ ماھىنۇر تۇرسۇن (35)
پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن يېسىۋىلەكتىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇ ـ
سۇلى ...........................................پاتىگۈل ئابدۇراخمان (36)
كۆدە يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى قۇرۇش، يوپۇرماق سارغىيىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇ ـ
سۇلى.............................................گۈلغۇنچەم رېھىمجان (38)

## سۇچىلىق

بۇلاق سۈيىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى .............................. ئابلەت غوجامنىياز (40)
كىچىك تېپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىرى
...............................................................گۈلقىز مامۇت (42)
تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ......................مىجىت ئابلىمىت (44)
سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ لايىھەلەشتە توڭ كۆتۈرۈپ بۇزۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .... ئايشىنۇر غېنى (45)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

ئوغۇز سۈتىنىڭ چىشى ماللارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشتىكى رولى ......ئابلىمىت ئابدۇرېھىم (46)
كالا، قوي باقمىچىلىقىدا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەكنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىش كېرەك ....... ئورۇزئېلى ئابدۇللا (49)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ھەققىدە ساۋات ..................................تۇرغۇن تۇرۇپ (50)

## يىششىقلاپ ئىشلەش

سامساق ساقلاش ئۇسۇلى ..........................................ئايشەمگۈل تاش (52)

## ئاۋانگارتلار

بۇلاق سۇلىرىغا مۇھەببەت .......................................ئابلەت جۇمە تۇپراق (53)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(57)

## بىلىۋىلىڭ

سۇپەتلىك پاختا تېرىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار..........ئەخمەت مەتنىيازقاتارلىقلار (59)

## يېزا ئەدەبىيات سەنئىتى

دېھقان شادلىقى .........................................مۇھەممەتجان ئىسمائىل پوناقى (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第10期
总342期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

无公害蔬菜种植注意事项 …………………… 古丽巴哈尔·玉荪音等(1)

## 设施农业

温室湿度对蔬菜影响及防治措施 …………………… 麦麦提敏·伊米提(2)

## 土壤肥料

有机肥使用注意事项 …………………… 曲曼古丽·沙卡吉尤莆等(8)
测土施肥的作用 …………………… 阿布力克木·吐尔逊(10)
温室蔬菜施肥存在问题及解决方法 …………………… 托尔洪·买买提(11)
氮肥施用要点 …………………… 海尔尼沙·依比热西(12)

## 园艺特产

巴旦木树冬剪要点 …………………… 米叶色尔·艾山等(15)
枣树苗木栽植及技术性培育 …………………… 古丽仙·塞米(17)
无花果埋土和出土技术要点 …………………… 卡地·吾斯曼(18)
杏树减产原因及解决措施 …………………… 吾斯曼·扎依提(20)
果树秋季管理 …………………… 米叶色尔·玉苏莆(22)
有机瓜果生产注意事项 …………………… 吾拉木·吾买尔巴克等(23)

## 植物保护

窝笋霜霉病防治方法 …………………… 热比亚·依明(25)
杏树害虫综合防治方法 …………………… 古再努尔·阿卜都瓦伊提(27)
枣树裂果原因及防治方法 …………………… 阿不来提·阿布力孜(28)
温室番茄灰霉病防治方法 …………………… 玉素因·提力瓦地(31)
农作物药害减轻方法 …………………… 买丽热古丽·艾合买提(34)
甜瓜裂果病和腐烂病防治方法 …………………… 玛依努尔·吐尔逊(35)
温室大白菜病害的防治方法 …………………… 帕提古丽·阿不都热合曼(36)
韭菜叶尖干枯和黄叶病防治方法 …………………… 古丽温切·热和木江(38)

## 农田水利
泉水的利用价值……阿不来提·吾吉尼亚孜(40)
小型农田水利工程对粮食生产影响……古丽柯孜·马木提(42)
滴灌技术的要点……米吉提·阿不力米提(44)
防渗渠道设计冻张破坏的防治方法……阿衣西努尔·艾尼(45)

## 畜牧兽医
初乳在提高牧畜繁殖技能的作用……阿不力米提·阿布都热依木(46)
牛，羊饲养一定要以饲草料为主……吾肉孜艾力·阿布拉(49)

## 农机管理
开沟机常识……吐鲁洪·吐鲁甫(50)

## 加工储藏
大蒜储藏方法……阿依夏木·塔西(52)

## 当代先锋
泉水的情……阿布来提·居马(53)

## 法律常识
中华人民共和国妇女权益保障法……(57)

## 百科知识
采收棉花注意事项……艾合买提·买提尼亚孜等(59)

## 农村文艺
农民快乐……买买提江·司马义(60)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN 1004－1095
国内统一刊号：CN65－1046/S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# بولغانمىغان كۆكتات تېرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

گۈلباھار ھوسيۇن
(يوپۇرغا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844000)
مېھرىگۈل ھوسيۇن
(يوپۇرغا ناھىيە سىيەك يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844000)

**1. يەر تاللاش:** ئورگانىك كۆكتات تېرىيدىغان جاي شەھەر ۋە زاۋۇت، كاندىن يىراق، سۇ مەنبەسى ياخشى، تۇپرىقى بولغانمىغان، مۇنبەت، قۇم ۋە سېغىز تۇپراق بولۇشى، ئادەتتە ئورگانىك ئوغۇت مەنبەسى يېتەرلىك بولغان تۇپراقلارنى تاللاپ تېرىش لازىم.

**2. كۆكتات تۈرى ۋە سورتىنى تاللاش:** كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاز كۆرۈلىدىغان، باشقۇرۇش ئاسان، بازارغا بالدۇر چىقىدىغان، كىشىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قىسقا كۆكتاتلارنى، مەسىلەن، پالەك، سەۋزە، تۇرۇپ، كۆك پۇرچاق، بەرەڭگە قاتارلىقلارنى تاللاپ تېرىشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**3. ئۆستۈرۈش ۋاقتىنى ئىلمىي تاللاش:** كۆكتاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، كۆكتاتنىڭ ئاساسلىق ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار ئاز كۆرۈلىدىغان پەسىلگە توغرىلاپ ئۆستۈرسە، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيىنىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ.

**4. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش:** تولۇق چىرىگەن، بولغانمىغان ئورگانىك ئوغۇت، مەسىلەن، گەندە، قىغ، ئۆسۈملۈك غول، يوپۇرماقلىرى، پۇرچاق تۈرىدىكى يېشىل ئوغۇتلار، ئۆسۈملۈك كۈلى، پۇرچاق كۇنجۇرىسى قاتارلىقلار بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، كۆكتاتنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىش، تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، تۇپراق نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، ئېگىز قىردا ئۆستۈرۈش، كولتىۋاتسىيە قىلىش

# پارنىك نەملىكىنىڭ كۆكتاتلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە نەملىك زىيىنىدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى

مەمتىمىن ھېمىت
(گۇما ناھىيە مۇجى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845150)

پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش جەريانىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىسە، پارنىكنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىپ، نورمال ماددا ئالمىشىشقا تەسىر يېتىپ، كۆكتاتلاردا ھەر خىل باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلۇق كېسەل- لىكلەر پەيدا بولىدۇ. پارنىك نەملىكىنىڭ كۆكتاتلارغا كۆرسىتىدىغان تە- سىرى ۋە پارنىك نەملىكىدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئوخشاش بولمىغا كۆكتات ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش مەزگىلىدە نەم- لىككە بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. كۆكتات ئۇرۇقلىرىنىڭ بىخلى- نىش مەزگىلىدە تەلەپ قىلىدىغان نەملىك بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. قات- كۆك تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش ئۈچۈن، ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 50% چىلىك، تۇرۇپ، قىزىلچا، غولپىياز قاتارلىق ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش ئۈ- چۈن، ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 95% چىلىق، نوقۇت ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش ئۈ- چۈن، ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 140% چىلىك نەملىك تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ سان-

---

ۋە ئوتاشنى كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش زىچلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا دىققەت قىلىش لازىم. ① زىيانداش ھاشارات كۈشەندىسى بولغان قىزىل كۆز ھەرە ئارقىلىق كۆكتاتتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش؛ ② سې- رىق تاختاي ئارقىلىق ئاق توزان پىتنى ئالداپ يوقىتىش؛ ③ خىرە نۇرلۇق چىراغ ئارقىلىق تۈن پەرۋانىسى، موزايېۋىشى، ياپونىيە ماي قوڭغۇزىنى ئالداپ يوقىتىش؛ ④ ئاقۇچ كۈل رەڭ پەردە ئېسىپ، كۆكپىتنى قاچۇرۇش؛ ⑤ ھا- شارات توسۇش تورى ئورنىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بۇلغانمىغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

دىكى كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇق پوستى قېلىن بولغاچقا، سۇ سۈمۈرۈشى ئاستا بولۇپ، نەملىكنى ئۆزىگە ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. مەسىلەن: مۇچ، نوقۇت، پىياز، سەۋزە، قوغۇن - تاۋۇز، چوكا پۇرچاق قاتارلىقلار. ئالدىنى ئېلىشتا ئۇرۇقنى ئاۋۋال 55℃ لۇق سۇغا چىلاش كېرەك. ئاندىن كېيىن كۆكتات تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ 6 - 24 سائەتكىچە سۇغا چىلاپ، ھەر4 - 6 سائەتتە بىر قېتىم سۈيىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇرۇق پوستىدىكى شىلىمشىق ماددىلارنى پاكىز تازىلاش لازىم. ئادەتتە سۇ سۈمۈرۈشى تەس كۆكتات ئۇرۇقىنى 70℃ - 80℃ لۇق سۇغا چىلاپ، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 55℃ قا چۈشكىچە يەنى 6 - 8 مىنۇت ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقىنى چىلىغاندا سۇ مىقدارىدىن ئۇرۇق مىقدارى بەش ھەسسە ئەتراپىدا بولۇشى، ئۇرۇقنى سۇغا چىلاپ سۇغا تويۇندۇرغاندىن كېيىن بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك.

2. كۆكتاتلارنىڭ يۇمران مايسا مەزگىلى ۋە مايسا بولۇش مەزگىلى: يۇمران مايسا مەزگىلىدە كۆكتاتلارنىڭ تۈپلىرى كىچىك بولغاچقا، نەملىككە بولغان تەلىپى ئانچە يۇقىرى بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۇپراقنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولسا، يىلتىزنىڭ يېتىلىشى ياخشى بولماي، تۈپلەر بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئەگەر پارنىك نەملىكى ۋە تۇپراق نەملىكى يۇقىرى بولۇپ كەتسە، تۇپراقتىكى ئاممىياك گازى ۋە نىترىت، خىلور گازىنىڭ ھاۋاغا تارقىلىشى تەسىرگە ئۇچراپ، تۇپراقتا كۆپلەپ ئورگانىك كىسلاتا ھاسىل بولۇپ، تۇپراقنىڭ ئېرىتمە قويۇقلۇقى ئېشىپ كېتىپ، مىنېرال ماددىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم زەھەرلىك ئوكسىدسىزلىغۇچى ماددىلار ھاسىل بولۇپ يىلتىزنى بىۋاستە زەھەرلەپ مايسىلارنى نابۇت قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرى نەملىك تەسىردە تۇپراقتىكى كۆپ خىل لاياقەتسىز يالتىراق يوپۇق قالدۇقلىرى، بىر قىسىم خىش، كېسەك قالدۇقلىرى تەسىرىدىن ھاسىل بولغان ئېتىلېن ۋە خىلور گازى ھەمدە بىر قىسىم زەھەرلىك گازلار كۆكتات مايسىلىرىنىڭ يىلتىزىنى زەھەرلەپ مايسىلارنى نابۇت قىلىدۇ. تۈپلىنىش مەزگىلىدە تۇپراق نەملىككە بولغان تەلىپى 80% - 85% ئەتراپتا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: پارنىكلارغا ئۇرۇقنى تېرىشتىن ئىلگىرى تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك ئاغدۇرۇپ كېرەكسىز يالتىراق يوپۇق قالدۇقلىرى، ھەر خىل

كېرەكسىز خىش، كېسەك پارچىلىرى ۋە ئەخلەتلەرنى تېرىۋېتىپ تۇپراق خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ، كۆكتاتلار ئۇچۇن يۇمشاق تۇپراق شارائىتى هازىرلاش كېرەك. ئادەتتە پارنىكلارغا كۆكتات تېرىغاندا تۇپراق ۋە ئوزۇقلۇق توپىسىنىڭ نەملىكى 75%ـ 85%، پارنىك هاۋاسىنىڭ نەملىكى 55% ـ 60% تە كونترول قىلىش ئارقىلىق، هەر خىل زەهەرلىك گازلارنى ۋە كېسەل قوزغاتقۇچى ۋىرۇس، باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ مىكروبلىرىنى ئازايتىپ، پارنىك ئىچىنىڭ مۇهىتىنى ياخشىلاش كېرەك. مايسىلارنى هاۋا ئۇچوق كۈنلىرى سۇغىرىش كېرەك.

3. مايسا كۆچۈرۈش مەزگىلى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى: مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن نەملىككە بولغان تەلىپى ئاشىدۇ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا نەملىكنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ يەر ئاستى قىسمىدىكى يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شاخ ـ يوپۇرماقلارنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تۇپراق ۋە پارنىك نەملىكى يۇقىرى بولسا، كۆكتاتلارنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولىغا تەسىر يېتىپ، يېنىك بولغاندا مەهسۇلاتى كېمىيىپ كېتىدۇ، ئېغىر بولغاندا تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا ئۇرۇقنى بىۋاستە تېرىغاندا ياكى مايسا كۆچۈرگەندە مۇۋاپىق زىچلىقتا تېرىپ ياكى كۆچۈرۈپ، مايسىلارنى ۋاقتىدا باراڭغا ئېلىش، هارام شاخ، ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش هەمدە ۋاقتىدا هاۋا ئالماشتۇرۇپ، يوپۇرماق، غول، گۈل مېۋىلەردىكى نەملىكنى تۆۋەنلىتىپ نۇر بىرىكتۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

4. تۇنجى چېچەكلەش مەزگىلى ۋە مېۋىسىنىڭ يېتىلىش مەزگىلى: بۇ مەزگىل كۆكتاتلارنىڭ راسا ئۆسۈۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، تۇنجى چېچەكلەش مەزگىلىدە نەملىككە بولغان تەلىپى كۈچلۈك بولىدۇ. نەملىك تۆۋەن بولسا چېچەكلىرى تۆكۈلىدۇ. مېۋىلەش مەزگىلىدە نەملىك يېتەرلىك بولمىسا مېۋىسى يېتىلمەي قورۇلۇپ ئەگرى، مايماق، غەيرىي شەكىللىك، بىنورمال مېۋىلەر پەيدا بولىدۇ هەمدە مېۋىسىنىڭ رەڭگى تۇتۇق بولىدۇ هەتتا چېچەك مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ مەهسۇلاتى ۋە سۈپىتى تۆۋەنلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە تۇپراق نەملىكى بەك يۇقىرى بولسىمۇ كۆكتات مايسىلىرىغا كېرەكلىك ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ، كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى ئوكسىگېنسىز نەپەسلىنىپ نەملىك

ۋە مىنېرالنى ماددىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ كۆكتاتلاردا فىزىيولوگىيەلىك قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ ئۇزۇقلۇقنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆكتات مايسىلىرىدا يىلتىز چىرىش، يوپۇرماق ساغىرىش، كۆكتات يىلتىزى تۇپراققا تارقىلالماي ئۆسۈش بىنورمال بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ ھەمدە تۇپراقتىكى ئورگانىك ۋە خىمىيەلىك ئوغۇتلارنىڭ قويۇقلۇقى تۆۋەنلەپ، كۆكتاتلاردا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بۇ مەزگىلدە تۇپراق نەملىكى %70 ـ %80، پارنىك ھاۋاسىنىڭ نەملىكى %55 ـ %56 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا ھاۋا نەملىكى بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولسا مايسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە چېچەكلەپ مېۋىلەشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىلىدە نەملىك بەك يۇقىرى بولسا چاڭلىنىشقا تەسىر يېتىپ، چېچەك مېۋىلەر تۆكۈلىدۇ. كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىدە ھاۋا قۇرغاق بولسىمۇ چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: كۆكتاتلارنى چېچەكلەش ۋە مېۋىسى يېتىلىش مەزگىلىدە نەملىكنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. پارنىكتا كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە مايسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىش كېرەك، پارنىكلارنى سۇغىرىشتا باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش، سۇغىرىشتا نېپىز سۇغىرىپ سۇ مىقدارىنى ئازايتىپ قېتىم سانىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، ئوغۇتلاش بىلەن سۇغىرىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك، پارنىكلارنى سۇغارغاندىن كېيىن ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ پارنىك نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، پارنىكلارنى ۋاقتىدا ئوتاپ ياۋا ئوتلارنى ئوتاشقا بىرلەشتۈرۈپ ھارام شاخ، سارغىيىپ كەتكەن، كېسەللەنگەن، قېرى يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، نەملىكنىڭ پارلىنىشىنى تېزلىتىپ، كېسەللىنىپ سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، سۇغىرىشتا شوخلا، تەرخەمەك، سەۋزە قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماق رەڭگى تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ، چۈش مەزگىلىدە سولىشىدۇ ياكى رەڭگى ئاچ بولۇپ قالىدۇ، قاتكۆك، غولپىيازنىڭ يوپۇرماق رەڭگى كۈل رەڭ كۆككە كىرىپ قالىدۇ ھەمدە چۇرۇك قاتتىق بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا سۇغىرىش كېرەك. ئەگەر يوپۇرماق رەڭگى قېنىق بولۇپ چۈش مەزگىلىدە سولاشمىسا غول بوغۇملىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولسا دەرھال ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، نەملىكنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىش كېرەك.

5. كۆكتاتلار كۆپ چېچەكلەش، مېۋىسى چوڭىيىش مەزگىلى ۋە پىشىش مەزگىلى: بۇ مەزگىلدە پارنىك ۋە تۇپراق نەملىكى يۇقىرى بولسا تۇپراقنىڭ نەملىكى ئاسان تارقىلالماي، يورۇقلۇق غول، شاخ، يوپۇرماقلارغا ياخشى چۈشمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەملىكنىڭ پارلىنىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ، تۇپراقتا ئوكسىگېن يېتىشمەي ئوكسىگېنلىك باكتېرىيەلەرنىڭ نورمال هاياتىي پائالىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، ئەكسىچە ئوكسىگېنسىز باك-تېرىيەلەرنىڭ هاياتىي پائالىيىتى كۈچىيىپ تۇپراقتا كۆپلەپ ئورگانىك كىسلاتا ۋە ئورگانىك كىسلاتا هاسىل بولۇپ، تۇپراقنىڭ ئېرىتمە قويۇقلۇ-قى ئېشىپ كېتىپ، تۇپراقتىكى كۆكتاتلارغا كېرەكلىك مىنېرالنى ماد-دىلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، مېۋىلەر كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ ۋە كېسەللەنگەن مېۋىلەرنىڭ مىقدارى ئېشىپ مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم زەھەرلىك ئوكسىدسىزلىغۇچى ماددىلار هاسىل بولۇپ، يىلتىزنى زەھەرلەيدۇ، نەتىجىدە يىلتىز چىرىپ كۆكتاتلار تېز تۇرۇپ سولىشىپ قۇرۇش، يوپۇرماق ساغىرىش، يوپۇرماق پورلىشىپ، نۇر بىرىكتۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقىتىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ هەمدە كۆكتات يىلتىزلىرى سارغىيىپ كۆكتاتلارنىڭ ئۆزەك قىسمى سارغىيىپ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، كۆكتاتلار تەدرىجىي ساغىرىپ سولىشىپ قۇرۇپ قالىدۇ هەمدە كۆكتات مېۋىلىرى سۇغا چىلىغاندەك بولۇپ سېسىپ تۆكۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: كۆكتاتلارنىڭ مېۋىسى چوڭىيىش ۋە پىشىپ يېتىلىش مەزگىلىدە نەم-لىكنى تەڭشەش، باستۇرۇپ سۇغارماسلىق كېرەك، بۇ مەزگىلدە تۇپراق نەملىكى 75% ـ 85%، هاۋا نەملىكى 55% ـ 60%، ئىچىدە كونترول قى-لىش كېرەك، سۇغارغاندىن كېيىن قۇر ئارىلىقىنى بوشىتىپ ئوكسىگېن-لىق باكتېرىيەلەرنىڭ نورمال هاياتىي پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پارنىكلارغا مايسا كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى چۆنەككە يالتىراق يوپۇق يېپىش ئارقىلىق، پارنىك نەملىكىنى تەڭشەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. كۆكتاتلارنىڭ قېرى، سارغىيىپ قالغان يوپۇرماق، زەخىملەنگەن كېسەل-

لەنگەن شاخ ـ يوپۇرماق، هارام شاخ، مېۋىلىرىنى ئېلىۋېتىش، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاپ، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، هاۋا ئالماشتۇرۇپ، نەملىكنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش كېرەك.

6. كۆكتات تۈرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ نەملىككە بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ ھەمدە ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىككە بولغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كۆكتاتلارنى تۇپراق نەملىكى ۋە ھاۋا نەملىكىگە بولغان تەلىپىگە ئاساسەن، بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: 54% ـ 55% ھاۋا نەملىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كۆكتاتلار: قوغۇن ـ تاۋۇز، كاۋا، سامساق، پىياز قاتارلىقلار. 55% ـ 56% ھاۋا نەملىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كۆكتاتلار: غوزەك مېۋىلىك كۆكتاتلار، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلار. 70% ـ 80% ھاۋا نەملىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كۆكتاتلار: تەرخەمەك، نوقۇت، پۇرچاق قاتارلىقلار. 85% ـ 90% ھاۋا نەملىكىنى تەلەپ قىلىدىغان كۆكتاتلار: يېسىۋېلەك تۈرىدىكىلەر، كەرەپشە، ھەر خىل يېشىل يوپۇرماق تۈرىدىكى كۆكتاتلار. ئالدىنى ئېلىشتا: كۆكتاتلارنىڭ نەملىكنى تەڭشەشتە كۆكتاتلارنىڭ تۈرى، كۆكتاتلار يوپۇرمىقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، كۆكتات تېرىلغان تۇپراقنىڭ تۈرى ۋە كۆكتات يىلتىزىنىڭ تۇپراقتا تارقىلىشىنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقى، كۆكتاتلارنىڭ نەملىك تەلەپ قىلىش قانۇنىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئالدىن پارنىك نەملىكىنى تەڭشەش كېرەك. ھاۋا، تۇپراق، مايسىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ نەملىكنى تەڭشەش كېرەك. ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن سۇغىرىش كېرەك. قۇمساڭ تۇپراقلاردا كۆپلەپ ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان تۇپراقلاردا سۇ چىقىرىۋېتىشكە دىققەت قىلىش، يەر شەكلى ئويمان رايونلاردا ئاز سۇ بىلەن يېنىك سۇغىرىش كېرەك، چوڭ يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنىڭ نەملىككە بولغان تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا نەملىكنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. (03)

# ئورگانىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

چىمەنگۇل ساقاجىيوف
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن844000 )
ماھىرە ئابلىز
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم دېھقانچىلىق كافىدىراسىدىن 844000)

**1. ئادەم گەندە ـ سۈيدۈكى:** (1) ئادەم گەندە ـ سۈيدۈكىگە دائىم مىكروب ۋە پارازىت قۇرت تۇخۇملىرى ئارىلىشىپ قالىدىغان بولغاچقا كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم تولۇق ئېچىتىش كېرەك. ئېچىتىلغاندىن كېيىن كۆكتات تۈردىكىلەرگە بولۇپمۇ يوپۇرماقلىرى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، ئىشلىتىلىش مىقدارى ھەر مو يەرگە 1000 كىلوگىرام ئەتراپىدا، كۆكتات تۈردىكىلەرنىڭ ھەر موسىغا 2500 ـ 5000 كىلوگىرام بولۇپ چېچىش ئۇسۇلى بويىچە ئوغۇتلىنىدۇ. كۆپ قىسىم گەندە ـ سۈيدۈكلەر قوشۇمچە ئوغۇت قىلىنىپ، ھەر مو يەرگە 150ـ 300 كىلوگىرامدىن ھېسابلاپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىلىدۇ؛ (2) ئادەم گەندە ـ سۈيدۈكىنى خىلور خالىمايدىغان زىرائەتلەر (بەرەڭگە، تاتلىق بەرەڭگە، تاماكا، قىزىلچا، ئۈزۈم) گە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ (3) ئادەم گەندە ـ سۈيدۈكنى ئىشلىتىشتە فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن تەڭشەپ ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**2. قوتان قىغى:** (1) تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئوغۇتلاش. تونىسى يېپىشقاق ياكى سۇ تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان نەم تۇپراقلارنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار، قىغنىڭ پارچىلىنىشى ئاستا بولغاچقا، بۇنداق يەرلەرنى تولۇق چىرىگەن قىغلار بىلەن ئوغۇتلاش ھەم ھەر قېتىملىق ئىشلىتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. قۇمساڭ تۇپراقلارنىڭ تۇپراق تېمپېراتۇرىسى ئاسان ئۆرلەيدۇ، شۇڭا ئېچىش دەرىجىسى تۆۋەنرەك قوتان قىغلىرىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما تېز پارچىلىنىپ، ئوغۇتلۇق تەركىبلىرى ئاسان زىيانغا ئۇچرايدىغان بولغاچقا ئۈستىگە قېلىنراق توپا تاشلاش ھەمدە ھەر قېتىملىق ئىشلىتىش مىقدارىنى بەك كۆپ قىلىۋەت-

مەسىلىك لازىم؛ (2) زىرائەتلەرنىڭ تۈرىگە قاراپ ئوغۇتلاش كېرەك. كۆكتات تۈرىدىكىلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولۇپ ئۈنۈملۈك ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تولۇق تەمىنلەش لازىم، شۇڭا تولۇق ئېچىغان قوتان قىغلىرى بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. ئەتىيازلىق زىرائەتلەر تېرىلىدىغان يەرلەرنى ئەڭ ياخشىسى ئالدىنقى يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئوغۇتلاش كېرەك، بۇنىڭغا يېرىم چىرىتكەن قوتان قىغلىرى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەتىيازدا ئوغۇتلاشقا توغرا كەلسە ئەڭ ياخشىسى تولۇق ئېچىغان قوتان قىغلىرىنى ئىشلىتىش لازىم؛ (3) قوتان قىغىنىڭ ئېچىش دەرىجىسىگە قاراپ ئوغۇتلاش كېرەك. تولۇق ئېچىمىغان قوتان قىغىنى پەقەت ئاساسىي ئوغۇت قىلىشقىلا بولىدۇ. تولۇق ئېچىمىغان قوتان قىغىنى ئۈرۈق ئوغۇتى ياكى قوشۇمچە ئوغۇت سۈپىتىدە ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەمما قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندىن كېيىن، توپا بىلەن باستۇرۇش ھەم سۇغىرىش لازىم. قوتان قىغىنى ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ① يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن ئاساسىي ئوغۇت سۈپىتىدە قىغ چېچىلىپ، ئاغدۇرۇش جەريانىدا تۇپراققا كۆمۈۋېتىلىدۇ، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 1500ـ 2600 كىلوگىرام، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنىڭ ھەر موسىغا 5000 ـ7500 كىلوگىرام ئىشلىتىلىدۇ؛ ② تېرىش ۋاقتىدا ئۈرۈق ئوغۇتى قىلىپ ھەر مو يەرگە 100 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئىشلىتىلىدۇ؛ ③ كۆممىقوناق غول تارتىش ياكى پۆپەك چىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۆممىقوناق يىلتىزىنىڭ 10 سانتىمېتىر ئەتراپىغا ئۆۋىلاپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بويىچە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ، تۇپراقنى يۇمشىتىش ۋە توپا يۆلەش بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر مو يەرگە 2000كىلوگىرام ئىشلىتىلىدۇ؛ ④ كۆزگى بۇغدايىنى قىشتىن چىقىرىشتا باستۇرما ئوغۇت قىلىنىپ، ھەرمو يەرگە 1000 ـ 1500 كىلوگىرامدىن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ھەم ئىسسىقلىقنى ساقلاش، ھەم كېلەر يىلى ئېرىپ ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەشكە پايدىسى بولۇپ، ئاساسىي ئوغۇت كەمچىل بولغان ئېتىزلىقلارغا ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

# تۇپراقنى تەكشۈرۈپ ئوغۇتلاشنىڭ رولى

ئابلىكىم تۇرسۇن
(كۇچا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 842000)

1. تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى، ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش قانۇنىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئوغۇتلارنىڭ مىقدارى ۋە نىسبىتىگە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق زىرائەتنىڭ نىشانلىق مەھسۇلاتىغا كېتىدىغان ئوغۇت ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ، زىرائەتلەردە ئوغۇت ئىسراپچىلىقى ۋە ئوغۇت كەمچىللىك ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلغاندا مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. زىرائەتلەرگە ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەرلىك ئىشلىتىش ۋە مىكرو ئوغۇتلارنىمۇ مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئورگانىك ۋە ئانورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، نوقۇل بىر خىللا ئوغۇت ئىشلىتىش ياكى مەلۇم بىر خىل ئوغۇتنى كەم ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ مۇقىم مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ باسقۇچلۇق ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش قانۇنىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق بولغان ئاساسىي ۋە قوشۇمچە ئوغۇتلاش مىقدارى، مۇۋاپىق بولغان ئوغۇتلاش ۋاقتىنى بېكىتىپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلۇققا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقتىنى ئىگىلەپ، ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندە مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4. ئوخشاش بولمىغان ئوغۇتلارنىڭ ئىقتىدارى، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئوغۇتلاش ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، قوشۇمچە ئوغۇتنى چۆنەك ئېچىپ بېرىش، ئۇۋۇلاپ بېرىش، تېمىتىپ بېرىش، يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى پۈركۈپ بېرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش، چېچىپ بېرىش، يۈزەكى بېرىش ۋە سۇغا ئېقىتىپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (05)

# پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئوغۇتلاشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

تۇرغۇن مەمەت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

ناھىيەمىز ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان پارنىك، لاپاسلار ياسىلىپ، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى كۆلىمى 25000 موغا يەتتى. بىر قىسىم دېھقانلار ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارنىكلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش جەھەتتە يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

1. پارنىكقا مەھەللىۋى ئوغۇتنى چىرىتمەستىن بىۋاسىتە بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت: بۇنداق قىلغاندا ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، كېسەللىك مىكروبى ۋە زىيانداش ھاشارات تۇخۇمى قاتارلىقلار ئوغۇت بىلەن بىللە تارقىلىپ، پارنىكتا ئاسانلا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا پارنىك كۆكتاتلىقىنى ئوغۇتلاشتىن بۇرۇن مەھەللىۋى ئوغۇتلارنى تولۇق چىرىتىپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

2. بىرىكمە ئوغۇتنى ئېرىتىپ قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت: نۇرغۇن دېھقانلاردا بىرىكمە ئوغۇتنى، بولۇپمۇ ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) ئوغۇتىنى ئېرىتىپ قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇ بىر خىل ئىلمىي بولمىغان ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا فوسفور ئېلېمېنتىنىڭ قالدۇقى تۇپراق يۈزىنى قاتۇرۇپ قالماستىن زىرائەتمۇ ئاسان پايدىلىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئوغۇتى تەركىبىدىكى ئازوتمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئوغۇتىنى ئەڭ ياخشىسى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش لازىم. قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىشكە توغرا كەلسە، زىرائەت تۈپىدىن 5 ـ 10 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 7 ـ 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىش لازىم.

3. بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇش مەسىـ

# ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

خەيرىنىسا ئىبراش
(شايار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842200)

**1. ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ زىيادە بېرىلىش تەسىرى:** (1) ئازوت زىرائەتلەرگە كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى. ئەمما زىرائەتلەر ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن زىيادە ئوغۇتلانسا، ھۈجەيرە چوڭ ھەم پوستى نېپىز، توقۇلمىلىرى يۇمشاق بولۇپ قالىدۇ. تۆپ باراقسان ئۆسۈپ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق، ئوزۇقلۇقتىن پايدىلىنىش شارائىتى ناچارلايدۇ. قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىقى ئاجىزلايدۇ، ئۆسۈملۈك تېنىدىكى قەنت مىقدارى ئازىيىدۇ. زىرائەتلەر ئاسانلا بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ، مېۋىلەش ئىقتىدارى ئا-

---

لىسى مەۋجۇت: بىر قىسىم دېھقانلاردا خىمىيەۋى ئوغۇتنى قانچە كۆپ بەرسە شۇنچە كۆپ مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ دەيدىغان قاراش بولغاچقا، بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇت. بىر قىسىم دېھقانلار بىر مو ئەتراپىدىكى پارنىكقا 200 ـ 300 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئوغۇتى ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتىدۇ، ئىككىنچىدىن بۇ خىل ئوغۇتلاش يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن تەھدىت. ئەگەر بىر پارنىكقا شوخلا تىكىلگەن بولسا نىشاندىكى مەھسۇلاتنى 5 ـ 7 مىڭ كىلوگىرام دەپ قارالسا، بىر مو يەرگە كېتىدىغان ساپ ئازوت 20 ـ 28 كىلوگىرام، ساپ فوسفور 22.5 ـ 31.5 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئوغۇتىنىڭ تەركىبىدىكى فوسفورنىڭ مىقدارى 64% بولغاچقا، بىر مو يەرگە 48.9 ـ 68 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات بەرسە بولىدۇ. شۇڭا بىر مو ئەتراپىدىكى پارنىكقا 50 ـ 70 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئوغۇتى ئىشلىتىسە بولىدۇ. (05)

جىزلايدۇ ھەمدە مېۋىسىنىڭ پىشىش ۋاقتى كېچىكىپ مەھسۇلاتى تۆۋەن-لەپ، سۈپىتى ناچارلايدۇ؛ (2) ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كۆپ ئىشلەتسە تۇپراق-نىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەم ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ تەركىبىدىكى ئاممونىي ئىيونى تۇپراقتىكى كالتسىي قاتارلىق تەركىبلەر بىلەن رېئاكسىيەلىشىپ، تۇپراقنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمدارلىقىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. (3) ئازوتلۇق ئوغۇتلار ئۇچۇچان خۇسۇ-سىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قانچە يۇقىرىلىغانسېرى، ئازوت-لۇق ئوغۇتنىڭ تەركىبىدىكى ئاممىياك گازى شۇنچە تېز ئاتموسفېراغا پار-لىنىپ، ئازوت تەركىبى زىيانغا ئۇچراپ، ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ ھەمدە پارلىنىپ كەتكەن ئاممونىياك گازى ئاتموسفېرانى ۋە سۇنى بۇلغاي-دۇ. بۇ ھەر خىل بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تېرە راكى كېسىلى، ئۆپكە راكى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

**2. ئازوت يېتىشمەسلىك ئالامىتى:** زىرائەتلەردە ئازوت ئېلېمېنتى يېتىشمىسە، يوپۇرمىقى سارغىيىدۇ ياكى سۇس يېشىل بولۇپ قالىدۇ، ئۆ-سۈپ يېتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ، تۈپى پاكار ئۆسۈپ، گۈل ـ مېۋىلىرى ئۇششاق بولۇپ قالىدۇ.

**3. زىرائەتلەرنىڭ ئازوتقا ئېھتىياجلىق مىقدارى:** زىرائەتلەرنىڭ ئازوت ئېلېمېنتىغا بولغان ئېھتىياجى، تۇپراق سۈپىتى ۋە تۇپراقتىكى ئا-زوت ئېلېمېنتىنىڭ مىقدارى، زىرائەت تۈرى، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار-غا ئاساسلانغاندا، 100 كىلوگرام شال ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تەخمىنەن 1.6 ـ2.5 كىلوگرام ئازوتقا، 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش ئۈچۈن 12 ـ 15 كىلوگرام ئەتراپىدا ئازوتقا، 100 كىلوگرام قىچا دېنى ئىشلەپ-

چىقىرىش ئۈچۈن تەخمىنەن 4.5 ـ 5.5 كىلوگىرام ئازوتقا، 100 كىلو-گىرام كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 2.6 كىلوگىرام ئازوتقا،1000 كىلوگىرام ھۆل بەرەڭگە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، 3.5 كىلوگىرام ئا-زوتقا ئېھتىياج بولىدۇ. يوپۇرماق تۈرىدىكى كۆكتاتلار، زىرائەتلەرنىڭ مايسا مەزگىلى ئازوتقا كۆپرەك ئېھتىياج بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش-قا بولىدۇكى، ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئازوتقا بولغان ئېھتى-ياجىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ.

**4. ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** (1) ئازوتلۇق ئوغۇتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئىشلىتىش مىقدا-رى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا زىرا-ئەتلەرنى ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، تۇپراق تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارىنى ئۆلچەپ، رېتسېپلاپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك. ئۇندىن باشقا زىرائەتلەرنىڭ تۈ-رى، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى، ئوغۇت سۈمۈرۈپ پايدىلىنىش قانۇنىيە-تىگە ئاساسەن ئوغۇتلاش كېرەك؛ (2) ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى چوقۇم كۆمۈپ بېرىپ، ھاۋاغا پارلىنىپ كېتىپ، ئوغۇت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ ۋە ئاتموسفېرانى ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم؛ (3) ئا-زوتلۇق ئوغۇتلارنى يۇقىرى قەنت تەركىبلىك زىرائەتلەرگە مەسىلەن: قو-غۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلارغا كۆپ ئىشلەتمەسلىك لازىم؛ (4) ئازوتلۇق ئو-غۇتلارنى ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم؛ (5) ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى زىرائەت تۈرى ۋە تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىپ، يىلدىن ـ يىلغا ئاشۇرۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. (6) شورلۇق يەرلەرگە ئازوتلۇق ئو-غۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ياكى ئازراق بېرىش كېرەك. (05)

# بادام دەرىخىنى قىشلىق چاتاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مۇيەسسەر ھەسەن  ئاتىكەم ئۇرايىم
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

بادام ئىسسىقلىقنى، يورۇقلۇقنى ياقتۇرىدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، تىك ئۆسۈپ كۆپ شاخلىنىدۇ، ئاساسىي بۇلۇقى كىچىك بولىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق چاتىمىسا شاخلىرى قالايمىقان ئۆسۈپ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلاپ كۆپىيىپ، دەرەخ تاجىسىنىڭ يېپىق ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇپ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەم ئىچكى قىسمىدىكى شاخلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېۋىلەش ئورنى سىرتقا يۆتكىلىپ، مېۋىلەش مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**1. بادامنى چاتاپ شەكىلگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى:** (1) مول ھوسۇللۇق دەرەخ قۇرۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈپ، قەۋەتكە ئېنىق ئايرىپ شاخلىرىنى تەكشى جايلاشتۇرغىلى، يېتەرلىك، ئۇنۇملۇك نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) كۆلىمىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. (2) دەرەخنىڭ ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. (3) ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. (4) كۆچەتلەرنىڭ بالدۇر مېۋىگە كىرىشىنى تېزلەتكىلى، چوڭ دەرەخلەرنى يۇقىرى، مۇقىم مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرگىلى، قېرى دەرەخنى يېڭىلاپ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**2. بادام دەرىخىنى چاتاش ئاساسلىرى:** سورت ئالاھىدىلىكى، دەرەخ ئۆستۈرۈۋاتقانلىقى، چاتاشقا بولغان ئىنكاسى، تەبىئىي شارائىت ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە ئاساسەن چاتاش كېرەك.

**3. بادام دەرىخىنى قىشلىق چاتاش مەزگىلى:** شۇ يىلى 12 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 2ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بادام دەرىخى قىشلىق تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا چاتىسا ئوزۇقلۇق سەرپ بولۇشقا ھەم دەرەخ ئۆسۈۋاتقانلىقىغا بولغان تەسىرى يەڭگىلرەك بولىدۇ.

**4. بادام دەرىخىنى قىشلىق چاتاش ئۇسۇلى:** (1) كۆچەتنى قىشلىق چاتاشتا، تىكىلگەن يىلى يەر يۈزىدىن 65 ـ 70 سانتىمېتىر ئورۇندىن غولنى بەلگىلەش كېرەك. (2) بىرىنچى يىلى قىشلىق چاتاشتا، يەر يۈزىدىن 50سانتىمېتىر ئورۇندىن بىرىنچى قەۋەت ئاساسىي شاخ تاللىنىدۇ، 50

سانتىمېتىردىن تۆۋەن شاخلار پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۈچ تال ئاساسىي شاخنى تاللاشتا بۇلۇڭ ئارىلىقىنى چوڭايتىش، ئاساسىي شاخ بۇلۇڭىنى 50 گىرادۇس، بەل بۇلۇڭىنى 70 ـ 80 گىرادۇس، شاخ بۇلۇڭىنى 50 گىرادۇس قىلىسا بولىدۇ. دەرەخنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئۆسۈشى ياخشى، تىك، كۈچلۈك ئۆسكەن شاخنى تاللاپ، مەركىزىي غول قىلىنىدۇ. بىرىنچى قەۋەت ئاساسىي شاخ بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 ـ 80 سانتىمېتىر بولغان ئورۇندىن قىسقا كېسىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەركىزىي غول ۋە تايانچ شاخلار ئۈستىدىكى زىچ ئۆسكەن شاخلار شالاڭلىتىپ كېسىۋېتىلىدۇ. (3) ئىككىنچى يىلى قىشلىق چاتاشتا، بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۈچ تال ئاساسىي شاختىكى ئۈزىراپ ئۆسكۈچى شاخنى قىسقا كېسىپ، رىقابەتچى شاخلارنى شالاڭلىتىپ، باشقا شاخلار قويۇپ بېرىلىدۇ. مەركىزىي غولنىڭ ئۈزىراپ ئۆسكۈنچى شېخىنى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا قالدۇرسا بولىدۇ. مەركىزىي غول ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان شاخنىڭ ھەر 25 ـ 30 سانتىمېتىردا بىر قېتىم بۇلۇڭى چوڭايتىلىدۇ. (4) ئۈچىنچى يىلى قىشلىق چاتاشتا، تايانچ شاخلارنىڭ ئۈزارغۇچى قىسمىنى چاتاش ئىككىنچى يىلدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۈچىنچى يىلدىن باشلاپ، مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرۈلىدۇ. تايانچ شاخلار، دۈمبە قىسمىدىكى تىك شاخلارغا 15 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ قىسقا كېسىلىدۇ. مېۋىلەۋاتقان دەرەخنىڭ يورۇقلۇق ئەھۋالى، شاخ گۇرۇپپىسىنى يېڭىلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن چاتاپ، ھەرقايسى تايانچ شاخلار بۇلۇڭ ئارىلىقى چوڭايتىلىدۇ. مىنگىشىۋالغان چوڭ شاخلار، قورۇغان، كېسەللەنگەن شاخلارنى شالاڭلىتىپ كېسىلىدۇ. بىر قىسىم تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ئىنچىكە مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى قىسقارتىپ كېسىشىدۇ. (5) مېۋىلىشى ئازلاپ ئاجىزلىششقا باشلىغان بادام دەرىخىنى چاتاشتا، ئاساسلىقى يېڭىلاش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. تايانچ شاخلارنى ئېغىر كېسىش ھەم ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش ئارقىلىق، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يان شاخلارنى قىسقا كېسىش ۋە زىچ ئۆسكەن شاخلارنى شالاڭلىتىش لازىم. ئېغىر كەسكەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى زىچ ئۆسكەن شاخلارنى شالاڭلىتىپ كېسىۋېتىش ھەم پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىرى ساقلاپ قېلىش كېرەك. (03)

# چىلان كۆچىتى تىكىش ۋە تېخنىكىلىق بېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى

گۇلشەن سەمى
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. تىكىش مەزگىلى:** (1) ئادەتتە چىلان كۆچىتى ئەتىياز، كۈز پەسىل-لىرىدە تىكىلىدۇ، تەۋەيىمىزدە ئاساسەن ئەتىيازدا تىكىش ئاساس قىلىنى-دۇ. چۈنكى چىلان دەرىخىنىڭ بىخ چىقىرىشى كېيىن بولۇپ، ئادەتتە باشقا دەرەخلەرگە قارىغاندا 1 ـ 2 ھەپتە كېچىكىپ تىكىلىدۇ، ئادەتتىكى يىللاردا كۆچەت تىكىشكە 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىخ چىقىرىپ كەتكەن كۆچەتنى تىكسە بول-مايدۇ. كۈزدە تىكىشكە توغرا كەلگەندە 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە تىكىپ بولۇش كېرەك.

**2. تىكىش ئۆلچىمى:** ھەر مو يەرگە 148 ـ 150 تۈپكىچە چىلان كۆ-چىتى تىكىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ، كۆچەتنى تىككەندە قۇر ئارىلىقىنى ئۈچ مېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 1.5 مېتىر قىلىش، قۇر يۆلىنىشىنى جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىش كېرەك.

**3. تىكىش ئۇسۇلى:** ئالدى بىلەن تىكىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن چىلان تىكىش ئېرىقى چېپىلىدۇ، ئېرىق چوڭقۇرلۇقى 35 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. ئېرىقنىڭ شەرقى ياكى غەرب تەرەپ ياقىسىغا چىلان تىكىدىغان ئورەك كولاش لازىم. ئورەك چوڭقۇرلۇقىنى كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر قى-لىش كېرەك. ئورەك كولىغاندا ئىچىدىن چىققان توپىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىم قويۇش، چىلان تىكىلىدىغان ئورەكنىڭ ئاستىغا ئالدىن تەييارلانغان چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن بەش كىلوگىرامنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈش كېرەك. چىلان كۆچىتىنى ئورەك ئوتتۇرىسىغا سېلىپ، تۈپراق بى-لەن ئورەكنىڭ 2/3 قىسمىنى تولدۇرۇپ توپا تاشلاپ دەسسەپ چىڭداپ تى-كىش لازىم. چىلان كۆچىتى تىكىلگەن كۈنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قى-لىش، ئەگەر سۇغىرىشقا شارائىت يار بەرمىسە، ھەربىر تۈپ كۆچە تۈۋىگە بىر چېلەك سۇ قويۇپ نەملىكىنى ساقلاپ، قۇرۇپ، قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئې-لىش لازىم. (03)

# ئۆرۈك مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

ئوسمان زايىت
(بۈگۈر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 841600)

1. ئۈششۈك، قىروۋ ئۈششۈكى، بوران شامال، چېچەكلەش مەزگىلىدىكى چاڭ ـ توزانلىق ھاۋا رايى قاتارلىقلار يېنىك بولغاندا، چېچەك، مېۋىسىگە، ئېغىر بولغاندا غول، شاخلىرىغا زىيان سېلىپ، پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، ① باغلارغا مۇداپىئە ئورمان بەرپا قىلىپ، ئەتىياز پەسلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە چاڭ ـ توزاننىڭ زىيىنىنى ئازايتىش لازىم؛ ② قىش كىرىشتىن بۇرۇن دەرەخ غو- لىنى ئاقارتىش، يىلتىز بوغۇزىغا توپا يۆلەش، ئوت ـ چۆپ بىلەن ئوراش ئارقىلىق، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ③ بىخ- لىنىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ ئۈششۈك دەرىجىسىنى ئازايتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىخ چىقارغاندىن چېچەكلەشكىچە 2 ـ 3 قېتىم سۇ پۈركۈش كېرەك؛ ④ چېچەكلەش ۋە غورىلاش مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېرا- تۇرا كۆرۈلسە، ئۆرۈكلۈك باغلارنى ئىسلاش ئارقىلىق، كىچىك كىلىماتنى ياخشىلاش كېرەك؛ ⑤ ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، دەرەخ ئۆسۈش ھالىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئۈششۈككە چىداملىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

2. كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيىنى، ئۆرۈكلۈك باغلار مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ئۆرۈك غولىنى ئاقارتىش كېرەك. چې- چەكلەشتىن بۇرۇن بائومې بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمە- سىنى پۈركۈش كېرەك. باغ ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى، قالدۇق شاخ ـ يو- پۇرماقلارنى تازىلاش بىلەن بىرگە، ئاساسلىق زىيان سېلىۋاتقان كېسەل- لىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

3. ئۆرۈك دەرىخىنى سۇغىرىش، ئوغۇتلاشمۇ ئۆرۈك مەھسۇلاتىنى ئاشۇ- رۇشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىر بولۇپ، نۆۋەتتىكى تەدبىرلەرنى قول-

لىنىش كېرەك. ئۆرۈكنىڭ گۈل بىخى بىخلىنىشقا باشلىغاندا بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. ئۈچىنچى قېتىم مەزگىلىدە يەنى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ـ ئاخىرلىرى بىر قېتىم سۇغىرىش، مېۋىسىنى يىغىۋېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يەنى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرلىرى بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك؛ ④ ئۆرۈكلۈك باغلارغا زىرائەت كىرىشتۈرۈپ تېرىغاندا شۇ زىرائەت بىلەن ئۆرۈكنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجلىق مەزگىلىنىڭ ئۆز-ئارا ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكىنى ئويلىشىش لازىم.

4. ئۆرۈك دەرىخىنى ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش كېرەك. نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىشتا دائىم قوللىنىلىدىغان دەرەخ شەكىللىرىدىن، تەبىئىي يۇملاق باش شەكىل، مەركىزىي تەبىئىي ئېچىلغان شەكىل بولۇپ، بۇلار ئۆرۈكنىڭ ئۆسۈش ھالىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئۆرۈك دەرىخىنى يوپۇرماق تاشلىغاندىن تارتىپ كېلەر يىلى تېنىگە سۇ يۈرۈشكەنگىچە يەنى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چاتىسا بولىدۇ. چاتىغاندا كېسەللىك، ھاشارەتلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخلارنى كېسىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاساسىي شاخلارنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇپ دەرەخ تاجىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى تاقىر بولۇپ قالغان جايلىرىدىن يېڭى شاخلارنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تۆۋەنگە قاراپ ئۆسكەن، مېۋە ئورنى ئېگىزلەپ كەتكەن، ئۆزئارا گىرەلىشىپ قالغان شاخلارنى مۇۋاپىق كېسىش كېرەك. دەرەخ غولىدىن يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان ياش نوتىلارنىڭ ئىدىن ئۆزئارا كۆپ نۆرى تالىشىدىغان شاخلارنى ئېلىۋېتىپ مۇۋاپىقلىرىنى قالدۇرۇپ، يىلمۇ يىل قىسقارتىپ كېسىش كېرەك. ياز پەسلىدە 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە دەرەخ تاجىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن باراقسان ئۆسكەن بىر يىللىق نوتىلارنى شالاڭلىتىش، شاخلارنى ئېگىش، ئۇچىنى ئۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دەرەخ ئومۇمىي تېنىگە يورۇقلۇق تولۇق چۈشىدىغان، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان قىلىش لازىم. (03)

# ئەنجۈرنى كۆمۈش ۋە ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

قادىر ئوسمان
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. كۆمۈش:** ئادەتتە سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر تويپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆمۈش ۋە ئېچىش مەشغۇلاتلىرى پەرۋىش قىلىش قەدەم - باسقۇچلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى كۆمۈش ۋە ئېچىش پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ئەنجۈر دەرىخى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇششۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تويپا بىلەن كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

ئەنجۈر دەرىخىنى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 5℃ - 7℃ بولغان ۋاقىتتا كۆمسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى كۆمۈشتە ئالدى بىلەن 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەنجۈرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇيىنى قويۇپ، ئوسا قىلىش كېرەك. 10 - ئاينىڭ باشلىرى ئوسىسى كېلىشكەندە ئەنجۈر دەرىخى ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن تۆت چاسا قىلىپ توك چالما قومۇرۇلىدۇ. چالما ئېلىشتا تاكى توك قۇرۇغىچە، دەسسەلىپ ئۇۋۇلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەنجۈر شېخىنىڭ پوستى نېپىز، ئىچى پور بولغاچقا، باستۇرۇش جەريانىدا ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئەنجۈر شاخلىرىنى ئۇچى تەرەپتىن يەڭگىل ئېگىپ، ئاۋايلاپ باسۇرۇش كېرەك. شاخنى ئېگىپ باستۇرۇش جەريانىدا، سەللا بىخەستىلىك قىلىپ قويسا ياكى تۈۋى تەرەپتىن چىڭراق باسۇرۇلۇپ كەتسە، نەچچە ئون يىللىق دەرەخ شېخى سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەنجۈر دەرىخىنى كۆمگەندە شاخلىرىنى ئاۋايلاپ باسۇرۇپ ئۈستىگە شاخ - شۇمبىلارنى بېسىپ، ئۈنىڭ ئۈستىگە قۇرۇتۇلغان چالمىنى

رەتلىك تىزىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن، توپا بىلەن يوچۇق قالدۇرماي كۆ-مۈش كېرەك. ئەگەر ئەنجۈر تولۇق كۆمۈلمەي قالسا ئۈششۈك تىگىپ ئەتە-يازدا ئاچقاندا شاخ قۇرۇپ قالىدۇ. ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن، ئەنجۈرنى يال-تىراق يوپۇق يېپىپ كۆمۈشكە قەتئىي بولمايدۇ، بۇنداق قىلغاندا تېمپېرا-تۇرا يۇقىرىلاپ، نەملىك ئېشىپ، شاخلار سېسىپ كېتىدۇ.

**2. ئېچىش:** ئەنجۈر دەرىخىنى ۋاقتىدا ئېچىش ۋە كۆمۈش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يەنى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىنى 15℃ قا يەتكەندە توپىدىن ئاچسا بولىدۇ. ئەنجۈر دەرىخىنى ئېچىشتا ئالدى بىلەن كۆمۈلگەن توپا كەتمەن بىلەن تارتىلىدۇ. توپىنى تار-تىشتا ئىشلىتىلىدىغان كەتمەن بېسى ئىتتىك بولماسلىقى كېرەك. كەت-مەننى كۈچەپ چېپىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. كەتمەننى بوش چېپىپ توپىنى تەكشى سىيرىپ چۈشۈرۈپ، شاخلارنىڭ كېسىلىپ كېتىشىدىن، قوۋزىقى-نىڭ سويۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەنجۈر دەرىخىنى مۆھىت تېمپېراتۇرىسىغا بارا- بارا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، توپا چۈشۈرۈلۈپ بول-غاندىن كېيىنلا ئۈستىگە يېپىلغان قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېلىۋەت-مەي، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى ئۆزگىرىشچان ھاۋادا ياش نوتىلار زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئەنجۈر دەرىخىنى تولۇق ئېچىپ 7 ـ 8 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاچىغا ئېلىش كېرەك. ئاچىغا ئېلىشتا ئۈستۈنكى شاخلارنى ئاۋۋال ئاچىغا ئې-لىش، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى شاخلارنى تەرتىپ بويىچە ئاچىغا ئېلىش، شاخلار-نىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن بولۇپ كەتمەسلىكى، ئاچىنىڭ بۇلۇڭى كەڭرەك بو-لۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا تۈپنىڭ ئاچىغا ئېلىنغان ئورنى زەخمىلىنىپ شاخنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەنجۈر شاخلىرىنى ئاچىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاستىدىكى توپىنى تەكشى تارتىپ تۈزلەش كېرەك. (03)

# مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

مۇيەسسەر يۈسۈپ
(قەشقەر شەھەرى نەزەرباغ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844000)

مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ھالقىسىمان چۆنەك ئېچىپ، ھەربىر تۈپ دەرەخكە چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن 100 ـ 250 كىلوگىرام، كالتسىي سۇپېرفوسفاتتىن 1.5 ـ 2 كىلوگرام، ئازوتلۇق ئوغۇتتىن 0.5 ـ 0.75 كىلوگىرام بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن تارتىپ يوپۇرماق تۆكۈلگىچە، ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم 0.5% لىك ئورىيا، 0.2% ـ 0.4% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات ياكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان مېيىيا جىنگاڭ ياكى فۇۋەنجىيا قاتارلىق ئوغۇتنى يوپۇرماقتىن پۈركۈش ئارقىلىق، يوپۇرماقنىڭ فوتوسىنتېز رولىنى كۈچەيتىپ، دەرەختىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ زاپاس مىقدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

3. مېۋىنى يىغىۋالغاندىن تارتىپ يوپۇرماق تۆكۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا شاخلارنى مۇۋاپىق رەتلەپ، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلارنىڭ ئۇچىنى كېسىش ھەمدە شاخلارنى مۇۋاپىق چاتاش ئارقىلىق ئۆسۈشنى كونترول قىلىپ نوتىلارنىڭ پىشىشىنى تېزلىتىپ، ئوزۇقلۇق ئىسراپ قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. ئادەتتە مېۋىلىك باغلاردا ئوت ـ چۆپلەر كۆپ، تۇپراق قاتتىق، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولىدۇ. شۇڭا مېۋىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك. دەرەخ يىلتىزى زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرەخ تاجىسى ئىچىنى تېيىز ئاغدۇرۇش، سىرتىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۇ، ئوغۇتنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

5. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن، كېسەللەنگەن، قۇرۇپ قالغان ياكى زىچ ئۆسكەن شاخلارنى ۋاقتىدا چاتىۋېتىش كېرەك. باغنى پاكىز تازىلاپ قۇرۇپ قالغان شاخ، غازاڭ، مېۋە، ئوت ـ چۆپ-

# ئورگانىك مېۋە ئىشلەپچىقىرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

غۇلام ئۆمەر باقى
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزا ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845350)
ئابدۇغېنى ئابدۇكېرىم
(ئاقتۇ ناھىيەلىك باغۇەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 845550)

ئورگانىك مېۋە خەلقئارا ئورگانىك يېزا ئىگىلىكى ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىلغان ھەمدە مۇستەقىل ئورگانىك يېمەكلىك باھالاپ بېكىتىش ئورگىنىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكەن مېۋىنى كۆرسىتىدۇ. مېۋە ـ چېۋىنى ئورگانىك يېمەكلىك تەلىپى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشتا، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىنىڭ ئورگانىك يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى ئالدىنقى شەرت بولۇپ، مېۋىلەرنى ئورگانىك ئىشلەپچىقىرىشتا تۆۋەندىكى شارائىتلارنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

1. ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدا سۇ، تۇپراق ئېقىش، سۇ، تۇپراق بۇلغىنىش ۋە باشقا مۇھىت مەسىلىسى كۆرۈلمىگەن بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ئومۇمەن بۇلغىنىشتىن خالىي بولۇپ، بۇ تەلەپنى ئاساسىي جەھەتتىن قانائەتلەندۈرىدۇ. ئەمما ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا بۇ مەسىلىگە ناھايىتى دىققەت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ ئەتراپىدا ياكى سۇغىرىش سۈيى مەنبەسى ئەتراپىدا خىمىيە زاۋۇتى، خىمىيەۋى ئەخلەتلەرنى تۆكۈش ـ بىر تەرەپ قىلىش ئورنى قا-

لەرنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش ئارقىلىق، كېلەر يىللىق ئۆسۈشىگە ياخشى ئاساس سالغىلى ھەم كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ.

6. مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۈزلۈك چاتاشتىن كېيىن، كېسەللەنگەن شاخ ـ يوپۇرماق، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلارنى باغ سىرتىغا ئەپچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش ئارقىلىق، قىشتىن ئۆتىدىغان كېسەللىك باكتېرىيەلىرى، زىيانداش ھاشاراتلارنى يىلتىزىدىن يوقىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ دەرەخ غولىنى ئاقارتىشقا ئەھمىيەت بەرگەندە، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ دەرەخ غولىنى زەخىملەندۈرۈشىنىڭ ھەم ئۇششۇك تېگىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (05)

تارلىق سۇ ۋە تۇپراقنى بۇلغايدىغان مەنبەلەرنىڭ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن ئۇزاق مۇددەتلىك ئوغۇتلاش، ئۆسۈملۈك ئاسراش پىلانى تۈزگەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە دېھقانچىلىق دورىسى ۋە خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتمىگەن بولۇشى، بۇندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، ئورگانىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىشكە يول قويۇلغان ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ۋە ئوت ـ چۆپ زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، فىزىكىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئورگانىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىشكە يول قويۇلغان زەھەرسىز دورىلارنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئارقىلىق، بۇلغىنىشتىن خالىي بولغان ئۈنۈملۈك ئوغۇتلاش ۋە كېسەللىك ھاشارات، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

3. ئورگانىك مېۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق ۋە كۆچەتلەرنىڭ تەبىئىي مەنبەلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، گېن ئۆزگەرتىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئۇرۇق ۋە كۆچەتلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

4. مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىش، تازىلاش، ساقلاش ۋە توشۇش جەريانىدا خىمىيەۋى بۇلغىنىشقا ئۇچرىماسلىقى، يەنى خىمىيەۋى يۇيۇش ـ تازىلاش مەشغۇلاتىدىن خالىي بولۇش، خىمىيەلىك بۇزۇلۇشىدىن ساقلاش دورىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

5. باشقا زىرائەت تېرىلىۋاتقان يەرنى ئورگانىك مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن جەزمەن ئىككى يىلدىن ئارتۇق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك.

6. ئورگانىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تەجرىبە توپلاپ، تەدبىر بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ۋە مېۋە سۈپىتىنى نازارەت قىلىشتا مۇھىم ئاساس قىلىنىدۇ. (03)

# ئۈسۈمنىڭ قىرۋىسمان پاختىلىشىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش ئۇسۇلى

رابىيەم ئىمىن
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843000)

ئۈسۈمنىڭ قىرۋىسمان پاختىلىشىش كېسەللىكى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇميۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئۈسۈمنىڭ پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇرماققا زىيان سېلىپ، تولۇق يېتىلگەن مەزگىلىدە ئېغىر پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە توپلەرنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى كونا يوپۇرماقتا، سۇس رەڭلىك يۇمىلاق كېسەللىك دېغى پەيدا بولىدۇ ياكى يوپۇرماق تومۇرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، كۆپ بۇرجەكلىك داغلارنى شەكىللەندۇرىدۇ. نەملىك بىرقەدەر يۇقىرى بولغان شارائىتتا يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدىكى كېسەللىك دېغىنىڭ ئورنىدىن ئاق رەڭلىك قىروسىمان پاختىلاشقان قەۋەت پەيدا بولۇپ، بارا - بارا يوپۇرماقنىڭ ئوڭ يۈزىگە تارقىلىدۇ. كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا بۇ داغلار سارغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىپ بىرىكىدۇ ۋە يوپۇرماق پۈتۈنلەي سارغىيىپ قۇرۇيدۇ.

**2. كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** ئۈسۈمنىڭ قىروسىمان پاختىلىشىش كېسەللىكىنى پەيدا قىلغۇچى كېسەللىك مىكروبى زەمبۇرۇغ يىپچە تېنى ئارقىلىق مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ياشايدۇ، تۇخۇم ئىسپورىسى ئارقىلىقمۇ كېسەللىك قالدۇقلىرىنىڭ ئۈستىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە قىشتىن ئۆتكەن زەمبۇرۇغ يىپچە تېنى ئىسپورىدان ھاسىل قىلىپ پارازىت خوجىسىنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىسىدىن يۇقۇپ كىرىدۇ. ئۈسۈمنىڭ ئۆسۈۋاتقان مەزگىلىدە، ئىسپورىدان ھاشارات، شامال، يامغۇر ئارقىلىق قايتا يۇقۇملىنىدۇ. يۇقۇملىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرا 15℃ - 17℃ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قويۇق تېرىلغان، سۇ

ئىچىش قېتىم سانى بەك كۆپ، سۇ يىغىلىپ قالغان ئېتىزلاردا بۇ خىل كېسەللىك ئاسانلا پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ، تىرمىل (百菌清) دورىسىنى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش؛ (2) مايسىنى كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال پارنىكقا بوردو سۇيۇقلۇقىنى چېچىش ياكى 50% لىك فورمالىن (福尔马啉) ئېرىتمىسىنى ئومۇميۈزلۈك چېچىپ، 2 ـ 3 كۈن ئەتراپىدا دۈملەپ دېزىنفېكسىيە قىلىش؛ (3) ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىشتە بەك قويۇق تېرىماسلىق، مۇۋاپىق سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش. كېسەللەنگەن تۈپلەرنى ۋاقتىدا يۇلۇۋېتىش ، پات ـ پات چاغلاپ تۇپرىقنى يۇمشىتىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقىنى ياخشىلاش، چۆنەك بويىچە سۇغىرىپ، ئېتىز نەملىكىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**4. دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش:** كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 25% لىك رىدومىل (瑞毒霉) دورىسىنى 500 ـ 600 ھەسسە ياكى تىرمىل دورىسىنى 600 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش؛ كېسەللىك ئالامىتى روشەن بايقالغاندا 70% لىك مىتىل تۇپسىن (甲基托布津) دورىسىنى 1500 ـ 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم. 50% لىك مىمبې فۇمبىشۇاڭ (嘧霉福美双) دورىسىنى ھەر مو يەرگە 120 ـ 150 گىرام ياكى 25% خۇيكې (灰克) دورىسىنى ھەر مو يەرگە 60 ـ 80 گىرام ئەتراپىدا تەڭشەپ چېچىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلايدىغان دورىلاردىن 25% لىك سومىلىكس (速克灵) دورىسىنى 200 ـ 300 گىرام ياكى 58% لىك جۇنچوڭ 1+6 (6+1) دورىسىنى ھەر مو يەرگە 400ـ 600 گىرام ئەتراپىدا ئىشلەتسە ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. (05)

# ئۆرۈكتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

گۈزەلنۇر ئابدۇۋايىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق ئورمان پونكىتىدىن 844000)

**1. قاسراقلىق قۇرت:** بۇ ھاشارات يۇمران نوتا ۋە مېۋىگە چاپلىشىپ ئوزۇقلىنىپ كۆپ ساندىكى يوپۇرماق مېۋىلەر تۆكۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا شېخى ھەتتا پۈتۈن باغلار قۇرۇپ كېتىدۇ. رايونىمىزدا ئاساسلىقى كىلون قاسراقلىق قۇرتى، ئۆرۈكنىڭ شارسىمان قاسراقلىق قۇرتى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: (1) 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىككىنچى يىلى باش باھارغىچە، دېھقانلارنى تەشكىللەپ چوتكا بىلەن ئۆرۈك دەرىخىدىكى زىيانداش قاسراقلىق قۇرتلارنى چۈشۈرۈپ يوقىتىش كېرەك؛ (2) قىش پەسىللىك دەرەخ چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، قۇرت چۈشكەن شاخ ۋە قاسراقلىق قۇرتنىڭ زىچلىقى بىرقەدەر زىچ بولغان شاخلارنى كېسىۋېتىپ، دەرەخ ئاستىدىكى قۇرۇق يوپۇرماق ۋە ياۋا ئوتلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك؛ (3) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن، باش ئەتىيازدا مېۋىلىك دەرەخلەر بىخ چىقىرىشتىن بۇرۇن باش ئومى بەش گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى كىچىك نوتا شاخلارنى ئاساس قىلىپ تەكشى چېچىش لازىم؛ (4) 5 - ئاينىڭ باش - ئوتتۇرىلىرى تۇخۇدىن ياش قۇرتى چىقىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ھامان، سوپۇن پاراشوكىنىڭ 200 - 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) دورىسىنى 1500 ھەسسە، 40% لىك روگور (乐果) دورىسىنى 1500 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ چېچىپ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**2. كۆكپىت:** كۆكپىت يوپۇرماقلارنىڭ كەينى ۋە يۇمران نوتىلارغا يېپىشىۋېلىپ شىرنىلىرىنى شورايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي يوپۇرماقلار قۇرۇلۇپ يېشىللىقنى يوقىتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا: (1) مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشتىن ئىلگىرى بائومى 2 - 3 گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭ-

# چىلان مېۋىسىنىڭ يېرىلىش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى

ئابلەت ئابلىز
(ئۇسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843000)

**1. پەيدا بولۇش سەۋەبى:** (1) چىلانلىق باغ تۇپرىقىنىڭ ئۇنۇمسىز، ئورگانىك ماددا مىقدارى تۆۋەن، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتى ناچار بولۇش قاتارلىق ئامىللار چىلان مېۋىلىرىنىڭ ياخشى يېتىلەلمەسلىكىنى ۋە قەنت تەركىبى تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چىلان مېۋىلىرى قىزىرىپ پىشىش مەزگىلىدە يامغۇر ياغسا، مېۋىلەرنىڭ يېرىلىشىمۇ كۆپ بولىدۇ؛ (2) چىلان مېۋىلىرى پىشىش مەزگىلىدە، شاخ - يوپۇرماقلار بەك زىچ بولۇش سەۋەبىدىن، دەرەخ تاجىسىنىڭ ۋە يورۇقلۇق شارائىتى ناچار بولىدۇ، چىلان مېۋىسى چوڭىيىشىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ۋە مېۋە پىشىش مەزگىلىدە مېۋىنىڭ قەنت مىقدارى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، بۇ چاغدا مېۋە پوستى نېپىز بولغاچقا، مېۋە پوستىنىڭ ئەۋرىشىملىكى تۆۋەنلەپ، چۈرۈكلىشىپ كېتىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، ناۋادا ئۇدا يامغۇر ياغسا، ئاسانلا مېۋە يېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ (3) ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلار يورۇشمىگەن، يېرىلىشقا چىدامىلىق سورتلار كەمچىل بولغان، مۇڭگۈزلۈك قەۋەت ۋە مېۋە پوستى نېپىز بولغان سورتلارنىڭ مېۋىسى ئاسان يېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كۆپ بەرسە، قېلىپلاشقان، ئۆلچەملەشكەن پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا،

---

گورت بىرىكمىسىنى چاچسا يېڭىدىن پەيدا بولغان كۆكپىت ۋە تىرىلىش ئالدىدا تۇرغان تۇخۇملارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. (چېچەكلەش مەزگىلىدە دورا چېچىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ) يازنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھاشارات ئەھۋالىغا قاراپ 1 ـ 2 قېتىم دورا چاچسا بولىدۇ؛ (2) 50% لىك مالالتىئون (马拉硫磷) نىڭ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 50% لىك فوكسىم دورىسىنىڭ 2000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا خانقىز ئالتۇنكۆز ۋە كۆكپىت چىۋىنى قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئاسراشقا ۋە پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (05)

كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنى ۋاقتىدا، تەلتۆكۈس ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقاتمىسا مېۋىنىڭ پىشىشى كېچىكىدۇ. كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزـ گىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مېۋىنىڭ قەنت مىقدا ـ رىنىڭ ئېشىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. چىلان مېۋىسى كېچىكىپ يېتىلسە، تەركىبىدىكى ئېرىشچان قاتتىق ماددىنىڭ مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ، ناۋادا يامغۇر ياغسا، مېۋىلەر ئۇمۇمىيۈزلۈك يېرىلىدۇ؛ (4) چىلان مېۋىسىنىڭ تەركىبىدە كالتسىي ۋە كالىي ئېلېمېنتى كەم بولسىمۇ ئاسانلا مېۋە يېرىـ لىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ, ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇزۇن مەزگىل قۇرغاق ھاۋارايى كۆرۈلگەندىن كېيىن، توساتتىن قاتتىق يامغۇر ياغسا، ئەڭ ئاسان مېۋە يېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى:** (1) مۇۋاپىق چاتاش ئارقىلىق دەرەخ تاجىسىنىڭ شامال ئۆتۈشۈش، يورۇقلۇق چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. مېۋىنىڭ سۈپىتىگە كاربون تۆت ئوكسىد بىلەن يورۇقلۇق بىرقەـ دەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى يەككە مېۋە ئېغىرلىقى، رەڭگى، قاتتىقلىقى ۋە ئېرىشچان قاتتىق ماددىلارنىڭ مىقدارى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋىگە كىرگەن تۆۋەن مەھسۇلاتلىق مېۋىلىك باغلاردىكى چىلان تۈپلىرىنىڭ ئاساسىي شاخلىرىنىڭ قەۋىتى ۋە غول شاخ سانىنى ئازايتىپ، قەۋەت ئارىلىقىنى چوڭايتىپ، ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخلارنىڭ بۇلۇڭ گىرادۇسىنى چوڭراق ئاچقاندا، يامغۇردىن كېيىن مېۋە يۈزى تېز قۇرۇيدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېۋە يېرىلىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ (2) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش كېرەك. ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارىنى 1% تىن ئاشۇرۇش، ئوكسىگېن مىقدارىنى 21% تىن ئاشۇرۇش، pH قىممىتى 6 ـ 7 ئەتراپىدا، يەنى ئاجىز كىسلاتالىق ياكى نېيترال ھالەتتە كەلتۈرۈش لازىم. تۇپراقتىكى ئۈنۈملۈك فوسفور، تۆمۈر، بور، مانگان، سىنك، مىس قاتارلىق مىكرو مىقدارلىق ئېـ لېمېنتلارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرغاندا، نېيتراتلاشقان باكتېرىيە بىلەن ھاۋا پەرەس ئازوت تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. يەنە يىلتىزنىڭ تۇپراقتىكى ئۈنۈملۈك مىنېرال ماددىلارنى سۈمۈرۈشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) ئۈنۈمى يۇقىرىلاش، مېۋىنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ۋە 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، چىلان مېۋىلىرى پىشىشتىن ئىلگىرى، مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە يامغۇر ياغماي، تۇپراقتا قۇرغاقچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، شارائىتى بار جايلار 1~2 قېتىم سۇغىرىش كېرەك؛ (3) يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈش كېرەك. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ھەر 10~20 كۈندە 0.2% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (钾氢二酸磷) ئېرىتمىسىگە 300 مىللىگىرام كالتسىي خىلورىد (钙化氯) قوشۇلغان ئارلاشما ئېرىتمىنى بىر قېتىم پۈركۈش كېرەك. چىلان مېۋىسىنىڭ ئۆرۈقى قېتىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ھەر ئايدا 10% لىك ئورگانىك كالتسىينىڭ 200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى كالتسىي كاربونات (钙酸碳) نىڭ 400 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ئۇدا 2~3 قېتىم يوپۇرماققا تەكشى پۈركۈش لازىم. ئەمما دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: يوپۇرماققا كالتسىي پۈركۈش مەزگىلىدە، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كونترول قىلىش، كالتسىيلىق ئېرىتمىلەرگە ئورىيانى قوشماسلىق كېرەك. چۈنكى ئورىيا كالتسىينىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. يەنە مېۋە ئاقىرىپ پىشىش مەزگىلىدە، 0.3% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات، 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇق ھالەتتىكى ئامىنو كىسلاتالىق ئوغۇت قاتارلىقلارنى پۈركۈگەندە، چىلاننىڭ مېۋە يېرىلىشىنى ئازايتىپلا قالماستىن، يەنە چىلاننىڭ يەككە مېۋە ئېغىرلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە چىلان مېۋىسى يېرىلىشىنىڭ ھەم سېسىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى (枣果防裂防烂剂) نى ھەر 7~10 كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2~3 قېتىم پۈركۈگەندە، چىلان دەرىخىنىڭ ئوزۇقلۇق ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، مېۋىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە مېۋە يېرىلىشىنىڭ ھەم سېسىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (4) چىلان مېۋىلىرىنى مۇۋاپىق مەزگىلدە يىغىۋېلىش كېرەك. مېۋىسى ئاسان

# پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان شوخلىدىكى كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ھۆسەنجان تىلىۋالدى
(كورلا شەھىرى قارا يۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

تېمپېراتۇرا تۆۋەن، نەملىك يۇقىرى، كۈن نۇرى ئاجىز بولۇش، شۇنداقلا بىر قانچە يىل ئۇدا تېرىش جەريانىدا كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ توپلىنىپ قېلىشى سەۋەبىدىن، پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان شوخلىدا ئاسانلا كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە پارنىك تېمپېراتۇرىسى 15℃، نەملىك 80% تىن ئاشقاندا كېسەللىك كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، نەملىك 95% تىن ئاشقاندا كېسەللىك كەڭ كۆلەمدە تارقىلىدۇ، ئادەتتە كېسەللىنىش نىسبىتى 30% ـ 50% كە يېتىدۇ، ھەتتا مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. نۆۋەتتە دېھقانلار بۇ خىل كېسەللىكنى دورا ئارقىلىق يوقىتىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، كېسەللىك مىكروبلىرىدا سوملىكس (速克灵)، راۋرال (扑海因) قاتارلىق دورىلارغا

---

يېرىلىدىغان سورتلارنىڭ مېۋىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن، يەنى چىلان مېۋىسى ئاقىرىپ پىشىش مەزگىلىدە يىغىۋېلىش كېرەك. مېۋە رەڭلىنىشتىن 50 ~60 كۈن ئىلگىرى چىلانلىق باغقا ئېتېفون (乙烯利)نى پۈركۈگەندە، چىلان مېۋىلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن پىشىپلا قالماستىن، يەنە مېۋە تەركىبىدىكى ئېرىشچان قاتتىق ماددىنىڭ مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېتېفون پۈركۈپ مېۋىنىڭ پىشىشىنى تېزلەتكەندە، مېۋىنىڭ يىغىۋېلىش مەزگىلىنى 15~20 كۈن ئالدىغا (ئىلگىرى) سۈرۈپ، چىلان مېۋىلىرىنى كۈزلۈك قىرونىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ، مېۋىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ (5) يېرىلىشقا قارشى تۇرالايدىغان چىلان سورتلىرىنى تاللاپ باغ بەرپا قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى چىڭ جىيەن ئاق چىلىنى(清涧白枣)، جىيا شيەن ئاق چىلىنى(佳县白枣) ۋە تۇخۇمسىمان چىلان(鸡蛋枣) قاتارلىق چىلان سورتلىرىنى تاللاش كېرەك. (03)

نىسبەتەن دورىغا چىدامچانلىق شەكىللىنىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دورا ئىشلىتىشتىن سىرت ئۈنىۋېرسال، زىيانسىز ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللان-غاندا، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمىنى ئا-شۇرغىلى، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

1. كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تېرىش كېرەك. بۇنىڭدا ئۆز يېرىنىڭ كىلىمات شارائىتىغا ماس كېلىدىغان سورتلارنى تاللاپ تېرىسا بولىدۇ.

2. ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. ئۇرۇقنى تېرىشتىن ئىلگىرى 50℃ ـ 55℃ لۇق سۇغا 10 ـ 15 مىنۇت چىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 28℃ ـ 30℃ قا چۈشكۈچە توختىماي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن 25℃ ـ 28℃ لۇق مۇھىتتا بىخلاندۇرۇلىدۇ.

3. چۆنەك تارتىپ يالتىراق يوپۇق يېپىش كېرەك. چۆنەك تارتىشنىڭ تۇپراقنى يۇمشىتىشقا، شوخلىنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، تۇپراق نەملىكى ئېشىپ كېتىش سەۋەبلىك يىلتىز سېسىپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا پايدىسى كۆپ. يالتىراق يوپۇق يېپىشنىڭ تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىشكە، تۇپراقتىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىد-شى سەۋەبىدىن پارنىك نەملىكى ئېشىپ كېتىشتىن ھەم يالتىراق يوپۇقتا سۇ تامچىلىرى پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىشقا پايدىسى كۆپ.

4. يوپۇق ئاستىدىن سۇغىرىش لازىم. يوپۇق ئاستىدىن سۇغارغاندا 24 سائەتتىن كېيىن پارنىك نەملىكى 82% ـ 85% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەمما ئېرىق ئېچىپ سۇغارغاندا 24 سائەتتىن كېيىن پارنىك نەملىكى 95% ـ 100% كە يېتىدۇ. مۇنداق بولغاندا كۆل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلىلا ئەمەس باشقا كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىغىمۇ پايدىلىق شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

5. ئېكولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىد-نىش كېرەك. مۇنداق دېگەنلىك پارنىك تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا تىزگىنلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن پارنىكنى ھىم ئېتىپ، پارنىك تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىتىلىدۇ، تېمپېراتۇرا 33℃ قا يەتكەندە شامالدىتىلىدۇ، چۈشتىن كېيىن تېمپېراتۇرا 23℃ ـ 25℃ تا كونترول قىلىنىدۇ. پارنىك تېمپېرا-تۇرىسى 20℃ قا چۈشكەندە شامالدىتىش توختىتىلىدۇ. كېچىلىك تېمپېرا-

تۇرنى 15℃ ـ 17℃ تا كونترول قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شوخلىدا كېسەللىك كۆرۈلگەن ھامان ئادەملەرنىڭ پارنىك ئىچىدە ئارىلاپ يۈرۈشىدىن ساقلىنىش، كېسەللىك كۆرۈلگەن پارنىك بىلەن كېسەللىك كۆرۈلمىگەن پارنىك ئارىسىدا بىۋاسىتە كىرىپ چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك. كېسەللىك كۆرۈلگەن تۇپلەرنىڭ كېسەللەنگەن ئورنىنى ئۈزۈۋېتىش قولايسىز بولسا، چاقماق ياكى ئىنچىكە شامغا ئوت يېقىپ، كېسەللەنگەن ئورۇندىن بىر سانتىمېتىر يىراقلىقتا تۇتۇپ، 30 سېكۇنت ئەتراپىدا يېنىك قىزدۇرۇش ئارقىلىق كېسەللىك زىيىنىنى ئازايتىش لازىم.

6. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش لازىم. شوخلا چېچەكى كۈل رەڭ پاختىلىشىش كېسەللىك مىكروبى كۆپىيىدىغان ئاساسلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن سىرت، بۇ خىل كېسەللىكنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىنى تاللاپ، ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھەرلىك تەسىرى تۆۋەن دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى چېچەكلەش مەزگىلىدە كىچىك تىپتىكى قولدا ئېلىپ يۈرۈيدىغان دورا چېچىش ماشىنىسى بىلەن، 0.001% ـ 0.0025% لىك توماتوتون (防落素) نى شوخلىنىڭ ھەربىر گۈل رېتىدە 2 ـ 3 تال گۈلى ئېچىلغاندا چېچەكلەرگە پۈركۈش، 50% چېچەكلەپ بولغاندا يەنە بىر قېتىم پۈركۈش كېرەك. كېسەللىك ئېغىر بولسا يۇقىرىقى تەڭشەلگەن دورىغا 0.1% لىك سومىلىكسنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئانىلىق چېچەكنى ئاساس قىلىپ پۈركۈش كېرەك. ئىككىنچى قېتىملىق دورا مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە چېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پارنىك نەملىكىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئىسلاش دورىسى ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپتە كېسەللىك كۆرۈلگەندە، كەچقۇرۇن پارنىكنى ھىم ئېتىپ، ھەر 10 مېتىردا بىر بولاق (50 گىرام) ئىسلاش دورىسى قويۇپ ئىسلىنىدۇ. تۆت سائەت ئىسلىغاندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئادەتتە 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم ئىسلىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كېچىدە ھاۋا ئالماشتۇرغاندا كۈل رەڭ پاختىلىشىش كېسىلى كۆرۈلسە 65% لىك جيا مېيلىڭ (甲霉灵) نىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# زىرائەتلەردىكى دېھقانچىلىق دورا زىيىنىنى ئازايتىش تەدبىرلىرى

مەريەمگۈل ئەخمەت
(چاپچال شىۋە ئاپتونوم ناھىيەسى ئاشلىق كانى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835300)

ئادەتتە زىرائەتلەرگە دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەتكەندە يوپۇرماق تۆكۈلۈش، يوپۇرماقتا داغ چۈشۈش، گۈل، غۇنچە، مېۋە تۆكۈلۈش، مېۋە سۈپىتى ناچارلىشىش، مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىش ھەتتا پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. سۈپىتى ئۆزگەرگەن، بۇزۇلغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ.

2. دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قويۇقلۇقىنىڭ نورمال بولماسلىقى دورا زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ، شۇنداقلا بىر خىل زىرائەتنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈش باسقۇچلىرىدىكى دېھقانچىلىق دورىسىغا بولغان ئىنكاسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى زىرائەتلەردە ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زىرائەتلەرنىڭ مايسا ۋە چېچەكلەش مەزگىلىدە دورىغا بولغان چىدامچانلىقى ئاجىز بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ.

4. ئوخشىمىغان تېمپېراتۇرا دورا ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە يۇقىرى تېمپېراتۇرا شارائىتىدا زىرائەتلەرنىڭ نەپەسلىنىشى كۈچىيىپ، دورىنى قوبۇل قىلىش مىقدارى ئېشىپ، ئاسانلا دورا زىيىنى كۆرۈلىدۇ.

زىرائەتلەردە دورا زىيىنى كۆرۈلگەندە دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، دورا زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن: (1) زىرائەتلەردە دورا زىيىنى كۆرۈلگەندە، دەرھال كالىي دىھىدرو فوسفات، تەركىبىدە ئامىنو كىسلاتاسى بولغان يوپۇرماق ئوغۇتى قاتارلىقلارنى يوپۇرماقتىن چېچىش كېرەك. (2) زىرائەتلەردە دورا زىيىنى كۆرۈلسە دەرھال سۇغىرىش كېرەك؛ (3) ھورمون تۈرىدىكى دورىلارنى چېچىش ئارقىلىق، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، دورا زىيىنىنى كونترول قىلىش لازىم. (02)

## قوغۇننىڭ يېرىلىپ كېتىش ۋە سېسىپ كېتىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ماھىنۇر تۇرسۇن
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. قوغۇن مېۋىسى يېرىلىپ كېتىش كېسىلى:** قوغۇن مېۋىسىنىڭ يېرىلىپ كېتىشى سورت ئۆستۈرۈش زىچلىقى، مىكرو ئېلېمېنتلار يېتىشمەسلىك قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە نېپىز شاپاقلىق سورتلاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئاساسلىقى قوغۇننىڭ سۇ تەركىبى تەكشى بولماسلىق، قوغۇن يوغىناۋاتقان مەزگىلدە زىيادە سۇغىرىش، يامغۇر يېغىش سەۋەبىدىن نەملىك ئېشىپ كەتسە، قوغۇن شاپىقى ئېتىنىڭ يوغىنىشىغا ماسلىشالماي يېرىلىپ كېتىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: (1) يېرىلىشقا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم؛ (2) تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى، سورت ئالاھىدىلىكى، ئۆستۈرۈش مەزگىلى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، ئۆستۈرۈش زىچلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. خەمەكلەرنى يوپۇرماقلار يېپىلىپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (3) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، يوپۇرماق قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ (4) باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش ھەم ئاز - ئازدىن پات - پات سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك؛ (5) تۇپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، زۆرۈر بولغاندا مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك.

**2. قوغۇن مېۋىسى سېسىپ كېتىش كېسىلى:** قوغۇن پىشىش مەزگىلىدە قوغۇن شاپىقىدا قاپاق شەكلىدە يېشىل سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولۇپ، شاپىقى يۇمشاپ كېتىدۇ، بارماق بىلەن يېنىك باسسا ئويۇلىدۇ، يېرىپ كۆزەتكەندە قوغۇن ئېتىدە سۇلۇق قاپارتما شەكلىدە چىرىش پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك ئاساسەن پوستى نېپىز قوغۇن سورتلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئېھتىياتسىزلىقتىن باستۇرۇپ سۇغىرىش، تۇپراقتىكى كالتسىي يېتىشمەسلىك ياكى قوغۇننىڭ كالتسىينى قوبۇل قىلىشى توسالغۇغا ئۇچراش، ئازوتلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە قۇرغاقچىلىق قاتارلىقلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ.

# پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن يېسسىۋېلەكتىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

پاتىگۈل ئابدۇراخمان
(نىلقا ناھىيەلىك ئورمان باشقۇرۇش باش پونكىتىدىن 835700)

**1. قارا داغ كېسىلى:** كېسەللىك ئالامىتى: كېسەللىك يېسسىۋېلەكنىڭ سىرتقى يوپۇرمىقىدىن باشلاپ پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك دېغى يۇمىلاق قارامتۇل ياكى قېنىق قارامتۇل بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4 ـ6 مىكرو مېتىر بولۇپ، كۆرۈنەرلىك مەركەزداش ئايلانما سىزىقچىلىرى بولىدۇ. ئەتراپى سېرىق رەڭلىك يۇمىلاق گەردىش شەكلىدە بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا كېسەللىك دېغى تۇتىشىپ دائىرىلىشىپ، يوپۇرمىقى قىسمەن قۇرۇيدۇ ياكى يوپۇرمىقى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ. غول ۋە يوپۇرماق ساپىقىدىكى كېسەللىك دېغى سۇس قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ئازراق ئولتۇرۇشىدۇ. گۈل سېپى ۋە ئۇرۇق قاسىرىقىدىكى كېسەللىك دېغى قارامتۇل بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. نەملىك كۆپ بولغاندا كېسەللىك دېغىدا قارا رەڭلىك پاختىلاشقان ماددا پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تېرىش؛ (2) ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.4% چىلىك كېلىدىغان 50% لىك تىرام (福美双) نەملىنىشچان پاراشوكى بىلەن ئۇرۇقنى دورىلاش؛ (3) ئاساسى ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش ئارقىلىق، يېسسىۋېلەك تۈپىنىڭ كېسەللىككە چىدامچانلىقىنى كۈچەيتىش؛ كېسەللەنگەن يوپۇرماق، تۈپلەرنى ۋاقتىدا ئېتىز سىرتىغا چىقىپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش؛ (4) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 57% لىك داكونىل (百菌清) نەملىنىشچان

---

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى، سۈپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇتلارغا ماسلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا بېرىپ، قوغۇننىڭ كالتسىي ئېلېمېنتىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم؛ (2) مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق، تۇپراق قۇرغاقلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن، قوغۇن مايسىسىنىڭ كالتسىينى سۈمۈرەلمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (3) يوپۇرماققا 0.3% لىك كالتسىي خلور (氯化钙) سۇيۇقلۇقىنى 2 ـ 3 قېتىم چېچىپ، كالتسىي تولۇقلاش كېرەك. (03)

پاراشوكى، 50% لىك تىرام نەملىنىشچان پاراشوكى،64% لىك مانكوزېب نەملىنىشچان پاراشوكى قاتارلىق دورىلارنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ پۈركۈش لازىم.

**2. قىرووۋسمان پاختىلىشىش كېسىلى:** كېسەللىك ئالامىتى: ئاساسلىقى يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە يوپۇرماقنىڭ ئالدى يۈزىدە سۇس يېشىل ياكى ساغۇچ يېشىل سۇلۇق قاپىراتمىلىق داغ نۇقتىلىرى پەيدا بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ساغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ كېڭىيىپ، يوپۇرماق تومۇرىنىڭ تەسىرىدە كۆپ بۇلۇڭلۇق شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ. نەملىكى يۇقىرى بولغاندا، يوپۇرماقنىڭ دۈمبە قىسمىدا ئاق رەڭلىك قىرووۋسمان پاختىلاشقان ماددا پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) مۇۋاپىق زىچلىقتا ئۆستۈرۈش، ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش ئارقىلىق، يېسىۋىلەك تۈپىنىڭ تېمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ (3) ئۇرۇقنى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3% چىلىك مىقداردا ئېتىل فوسفونات نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 75% لىك تىرمىل نەملىنىشچان پاراشوكى بىلەن دورىلاش لازىم؛ (4) كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 80% لىك مانكوزېب نەملىنىشچان پاراشوكى، 72% لىك شۇاڭنياۋمىڭشىن (霜脲锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكى، 68% لىك جىڭجياشۇاڭ مىڭشىن(精甲霜锰锌) دانچە دورىسى قاتارلىق دورىلارنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ پۈركۈش لازىم.

**3. يۇمشاپ سېسىش كېسىلى:** كېسەللىك ئالامىتى: كېسەللىك ئالامەتلىرى يېسىۋىلەك تۈپىنىڭ سىرتقى يوپۇرمىقىدا كۆرۈلىدۇ، يوپۇرماق سايىقىنىڭ ئاساسى قىسمى بىلەن يىلتىز، غول كېسىشكەن تەرىپىدە كېسەللىك پەيدا بولۇشقا باشلاپ، دەسلەپتە كۆل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك سۇلۇق قاپىراتمىغا ئۆزگىرىپ سېسىپ، سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ، ئۇندىن باشقا كېسەللىك مىكروبى ئالدى بىلەن يېسىۋىلەكنىڭ مەركىزىي يوپۇرمىقىنىڭ ئاساسى قىسمىدىن يۇقۇملىنىدۇ، كېسەللەنگەن يېسىۋىلەك تۈپىنىڭ سىرتقى ئۆسۈپ يېتىلىشى نورمال بولۇپ، مەركىزىي يوپۇرمىقى سىرتقا قاراپ سېسىپ، سېرىق شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ، نەملىك يۇقىرى بولغاندا سېسىپ سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تېرىش كېرەك. (2) كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسى، قاپاق ئائىلىسى، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارنى تەكرار تېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. مۇۋاپىق

# كۆدە يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچى قۇرۇش، يوپۇرماق سارغىيىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

گۇلغۇنچەم رېھىمجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 835100)

كۆدە يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچى قۇرۇش ۋە يوپۇرماق سارغىيىش كۆرۈلگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن دېھقانلار دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چېچىپ، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماي، كۆپلەپ دورا ئىشلىتىپ، دورا زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ يوپۇرماق ئۈچى قۇرۇش ۋە يوپۇرماق سارغىيىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنداقتا كۆدە ئۆستۈرۈش جەريانىدا يوپۇرماق ئۈچى قۇرۇش ۋە سارغىيىش كۆرۈلسە قانداق قىلىش كېرەك؟

1. يوپۇراق قۇرۇش ۋە سارغىيىشنىڭ سەۋەبى: (1) تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىشى: كۆدە نېيترال تۇپراققا مايىل. ئۆستۈرۈش جەريانىدا بولۇپمۇ كېيىنكى يالتىراق لاپاستا ئۆستۈرۈش جەريانىدا، ئۇزاق مەزگىل قىغ، ئاممونىي سۇلفات (硫酸铵)، كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) قاتارلىق ئوغۇتلارنى كۆپلەپ ئىشلەتكەنلىك سەۋەبىدىن تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىشىنى كەل-

مەزگىلدە كېچىكتۈرۈپ ئېگىز چۆنەككە تېرىش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپ ئوغۇتلاش؛ (3) كېسەل تەگكەن تۈپلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا يۇلۇۋېتىش ھەمدە ھاك بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك؛ (4) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن كېلىپ چىققان زەخىم ئېغىزىنى ئازايتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېتىز مەشغۇلاتىدىن كېلىپ چىققان زەخمە ئېغىزى ئارقىلىق تارقىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ (5) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 8% لىك نىڭنەنمېيسۇ (宁南霉素) سۇلۇق دورىسى، 14% لىك «BT» سۇتسىمان دورىسى، 50% لىك ئاموبام (代森铵) نەملىنىشچان پاراشوكى قاتارلىقلارنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش ياكى يىلتىزغا قۇيۇش كېرەك، دورىنى كېسەللەنگەن تۈپنىڭ ئاساسىي قىسمى ھەم يەر يۈزىگە يېقىن قىسمىغا نۇقتىلىق پۈركۈش كېرەك. (03)

تورۇپ چىقىرىدۇ. كىسلاتالىق تۇپراقتا ئۆستۈرگەن كۆدىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكىلەپ، سارغىيىپ قۇرۇيدۇ؛ (2) زىيانلىق غازلارنىڭ تەسىرى: لاپاس يالتىراقنى يېپىشتىن بۇرۇن، كۆدە ئۆستۈرىدىغان كەيزىگە كۆپلەپ ئاممونىي ھىدرو كاربونات (碳酸氢铵) ئىشلىتىش ياكى لاپاسقا يالتىراق يېپىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەيزىگە ئورىيانى چېچىپ ئىشلىتىش ھەم ئىشقارلىق تۇپراققا ئاممونىي سۇلفاتنى ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆپ مىقداردا ئاممىياك گازىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پارنىك، لاپاس ئىچىنىڭ بوشلۇقى چەكلىك ھەم ئاممىياك گازى ئۇچۇچان بولغاچقا، ۋاقىت ئۇزارغانچە كۆدە زىيانغا ئۇچراپ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى قۇرۇش ۋە يوپۇرماق سارغىيىش كۆرۈلىدۇ؛ (3) يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە سوغۇق شامالنىڭ تەسىرى: لاپاس ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 35℃ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا بىر مەزگىل تۇرسا ھەم ھاۋا قۇرغاق بولسا، يوپۇرماق ئۇچى قۇرۇيدۇ. بىرقانچە كۈن ئۇدا ھاۋا تۇتۇق بولۇپ بىردىنلا ئېچىلسا ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، يوپۇرماقنىڭ ئۇچى ئاقىرىپ قۇرۇش كۆرۈلىدۇ؛ (4) مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تەڭپۇڭسىز بولۇش تەسىرى: ئۆسۈش مەزگىلىدە مىكرو ئېلېمېنت كەمچىل بولسا كۆدىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى قۇرۇش ۋە يوپۇرماق سارغىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: سىنىك كەمچىل بولسا يوپۇرماق سارغىيىدۇ. كالتسىي كەمچىل بولسا مەركىزى يوپۇرماق سارغىيىپ، بىر قىسىم يوپۇرماقلارنىڭ ئۇچى قۇرۇپ كېتىدۇ، ماگنىي كەمچىل بولسا يوپۇرماقنىڭ ئۇچى سارغىيىدۇ، بور كەمچىل بولسا مەركىزىي يوپۇرماق سارغىيىدۇ، بور زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە يوپۇرماقنىڭ ئۇچى قۇرۇپ كېتىدۇ، مانگان زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، مەركىزىي يوپۇرماق ئازراق سارغىيىپ، سىرتتىكى يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىدۇ.

**2. يوپۇرماق ئۇچى قۇرۇش ۋە يوپۇرماق سارغىيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى:** (1) ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش

# بوّلاق سوّيىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى

ئابلەت غوجامنىياز
(خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىلىق سۇ پونكىتىدىن 848000)

بوّلاق سوّيى يېزا ـ قىشلاقلاردا بىر قانچە مىڭ چەشمىلەرنىڭ كۆزىدىن سوّپسوّزوّك سوّلار بوّلدوّقلاپ ئېقىپ توّرىدوّ، بوّ خىل سوّدىن موّۋاپىق پايدىلىنىش ئىنتايىن موّھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. بوّلاق سوّيى يەر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققاچقا ۋە بوّلاق كۆزىدىن تەبىئىي بېسىم بىلەن يەر يوّزىگە ئېتىلىپ چىقىپ لۆمۈلدەپ تارقالغاچقا، شوّنداقلا يەر ئاستى قاتلىمىدىكى سوّلار يازدا سوغوّق، قىشتا ئىسسىق بولوّشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، بوّلاق سوّيىنىڭ بىر قانچە خىل ئۆزگە خاس پايدىلىنىش قىممىتىنى شەكىللەندوّرىدوّ. بوّنىڭدىكى ئەڭ چوڭ

كېرەك؛ (2) قىغ ۋە خىمىيەۋى ئوغوّتلارنى موّۋاپىق ئىشلىتىش، بولوّپموّ قىغنى تولوّق چىرىتىش ۋە مىقدارى موّۋاپىق بولوّشى كېرەك. ئاممونىي سوّلفات (硫酸铵)، ئورىيا، ئاممونىي كاربونات (碳酸铵) قاتارلىق خىمىيەۋى ئوغوّتلارنى ئىشلەتكەندە بىر قېتىمدا زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋەتمەسلىك، ئاز ـ ئازدىن كۆپ قېتىم ئىشلىتىش ھەمدە چېچىپ بولوّپلا سوّغىرىش، ئوغوّتنىڭ يوپوّرماققا چوّشوّپ يوپوّرماقنى كۆيدوّروّۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (3) تېمپېراتوّرا ۋە نەملىكنى موّۋاپىق كونترول قىلىش: يالتىراق لاپاسنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ھاۋا ئۆتوّشتوّروّپ، يالتىراق لاپاس ئىچىنىڭ تېمپېراتوّرا ۋە نەملىكىنى تەڭشەش كېرەك. كوّندوّزلوّك تېمپېراتوّرا 20℃ ـ 30℃ تا كونترول قىلىنسا موّۋاپىق، ئەڭ يوّقىرى بولغاندىموّ 35℃ تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كېچىلىك تېمپېراتوّرا 5℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك؛ (4) مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغوّتلارنى موّۋاپىق ئىشلىتىش: لىك بوراكس (硼砂)، سىنك سوّلفات (硫酸锌) قاتارلىقلارنى يوپوّرماقتىن ياكى سوّغىرىشقا بىرلەشتوّروّپ ھەر مو يەرگە 1 ـ 1.5 كىلوگىرام ئىشلىتىش كېرەك. (03)

قىممەتلىك ئامىل بولسا، بۇلاق سۈيى قىشتا توڭلىمايدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ياز كۈنلىرى سۇ يىغىلغان كۆلدىن پايدىلانغىلى بولۇپلا قالماستىن، قىش پەسلىدە كۆل سۈيى بىر قانچە سانتىمېتىر توڭلاپ قالغان كۈنلەردە بۇلاق سۈيى توڭلىمايدىغان بولغاچقا، چوڭ چارۋىلارنى بۇلاق بويىغا ھەيدەپ كېلىپ سۇغىرىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر بۇ خىل پايدىلىنىش يېزا ــ قىشلاقلاردا ئاندا ــ ساندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

2. قىش كۈنلىرى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ بېلىق بېقىش، يەملەرنى بىمالال بېرىش ۋە چوڭ بولغان بېلىقلارنى سېتىش، ئۆردەك، غاز بېقىش ئارقىلىق كىشى بېشى كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3. ياز كۈنلىرىدە بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ بورا ۋە لاپاس توقۇشتا مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدىغان قومۇش ئۆستۈرگىلى، بېلىقلارنىڭ ياز كۈنلىرى ئۇزۇقلىنىدىغان يېكەن ۋە باشقا ئوت ــ چۆپلەرنى قويۇق ئۆس- تۈرگىلى، بۇلاق ئەتراپىدا ھەر خىل ئوت ــ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

4. بۇلاق سۈيى ئارقىلىق بۇلاق سۈيى ئەتراپىدىكى ساسلىقلاردا شال ئې- تىزلىرىنى كۆپلەپ كېڭەيتىپ، شالدىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

5. بۇلاق سۈيىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بازارنى قىززىتقىلى بولىدىغان سەيلىگاھ، ساياھەت ئورنىنى قۇرغىلى بولىدۇ. ئۆزگىچە مەنزىرە ئارقىلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

6. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇلاق سۇلىرىدىن كەڭ ــ كۆلەملىك پايدىلى- نىش ئارقىلىق يېزا ــ قىشلاقلارنىڭ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئېكولو- گىيەلىك مۇھىتىنى قوغدىغىلى، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلى- غىلى، ھورداقخانا ئېچىپ تۈرلۈك سوزۇلما خاراكتېرلىك رېماتىزم، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ (05)

# كىچىك تىپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىرى

گۈلقىز مامۇت
(يېڭىشەھەر ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 844200)

سۇ ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى، سۇ قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەسلىھە، شۇنداقلا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۇھىم بايلىقى، سۇ قۇرۇلۇشى ئارقىلىق سۇ بايلىقىنىڭ مىقدارىنى تەقسىملىگىلى ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىقى دېھقانچىلىق ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، ھەممىمىزگە مەلۇم سۇچىلىقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. شۇڭا ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش ـ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلغان ھەمدە ئاشلىق ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان رايونلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىقنى بىخەتەر تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىدا كۆرسىتىلىشىچە 2015 ـ يىلى رايونىمىزدا ئاشلىق تېرىلىدىغان كۆلەم 25 مىليون مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 11 مىليون توننىغا يەتكۈزۈش پىلانلانغان. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تېرىلغۇ يەرلەردىن كېلىۋاتىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەرگە ئەسلىھەلەرنى مۇۋاپىق سەپلەش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مۇقىم مەھسۇلاتلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى. چۈنكى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، تولۇق سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇغىرىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇندىن باشقا زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۇغىرىش ئۇنۇمىگە، ئۇسۇلىغا ۋە تېخنىكىغا قويغان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، سۇ قۇرۇلۇشىمۇ چوقۇم بۇ خىل تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ۋە 60 ـ يىللىرى ياسالغان. شۇ چاغدىكى

ئەنئەنىۋى سۇ قۇرۇلۇش لايىھەسىنىڭ دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا دەريا، ئېقىن، كۆل، قىرغاق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئورگانىك ئۇنۇمىگە سەل قارالغان. بۇنىڭ بىلەن كۆپ مىقداردا بوز يەر ئېچىش، ئېقىن لېنىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەبىئىي يەر تۈزۈلۈشى ۋە يەر شەكلىنىڭ مەجبۇرىي ئۆزگەرتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىن، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، تەبىئىي قانۇنىيەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئاشلىقنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇندىن باشقا سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتتىق بىرىكمە ماتېرىياللار كۆپ ئىشلىتىلىپ، تەبىئىي ماتېرىياللار ئاز ئىشلىتىلگەچكە، سۇنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ۋاستىلىك بۇلغىنىش كېلىپ چىقتى. نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە كونىرىغان ئەسلىھەلەر ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ، ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ، ئىككىلەمچى، ئۇچلەمچى بۇلغىنىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەتەرلىك سۇ ئامبارلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭ ـ ئوتتۇرا تىپتىكى سۇغىرىش رايونلىرىدا غول قۇرۇلۇشىنى مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىش تۈرىگە كىرگۈزدى. ئەمما كىچىك تىپتىكى سىبىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرىغا مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلغىنى يوق، باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرىمۇ ناچار، ئۇلارنىڭ ئۇنۇمىدىن بالدۇرراق پايدىلىنىش ئۈچۈن چوقۇم يەنىلا ئۇلارغا ماس ھالدىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، پۇختىلاش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۇندىن باشقا سۇ بايلىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ماس ھالدىكى زىرائەتلەرنى تېرىپ، تېجەشكە تېگىشلىك سۇ مىقدارىنى تېجەپ، سۇغىرىش تەلىپى بىلەن سۇنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تۆھپە قوشۇش لازىم. (05)

# تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مىجىت ئابلىمىت
(بورتالا شەھىرى دالتۇ بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 834100)

تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى بىر خىل سۇ تېجەيدىغان يۇقىرى ئۇ - نۇملۇك سۇغىرىش تېخنىكىسى بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى جايلاشقان دائىرىنى ئاستا - ئاستا تېمىتىپ سۇغىرىش ئارقىلىق، زىرائەت - لەرنىڭ يىلتىز ئەتراپىدىكى تۇپراقنى نەم ھالەتتە ساقلاپ، نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سۇغىرىش سۈيىنى تېجەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، تېمىتىپ ئوغۇتلاپ، ئوغۇت ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېمىتىپ سۇ - غىرىش زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىل - گىرى سۈرىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى جايلاشقان تۇپراقتا سۇ داۋاملىق مۇۋاپىق ھالەتتە ساقلىنىپ تۇرىدۇ ھەم تۇپراق ھاۋانى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ. سۇ بىلەن ئوغۇت زىرائەتنىڭ يىلتىز قىسمىغا بىۋاسىتە يەت - كۈزۈلۈپ دېھقانچىلىق دورىسىنى تېمىتىپ، كېسەللىك، زىرائەتلەرنى يې - تەرلىك سۇ ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق دورىسى تېمىتىپ، كې - سەللىك، ھاشارات زىيىنىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمى ۋە زىرائەت يوپۇرماق - لىرى يۈزىنىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات قاتار - لىقلارنىمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ زىرائەت بىلەن ئوزۇقلۇق تالىشىشىنىڭ ئال - دىنى ئالغىلى بولىدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ھەر خىل يەر شەكلىگە ماس كېلىدىغان بولغاچقا، يانتۇ ۋە ئېگىز - پەس يەرلەرگىمۇ تې - مىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلمىلىرىنى ئورنىتىپ بىۋاسىتە تېمىتىپ سۇغى - رىشقا بولىدۇ. ئېرىق چېپىش ۋە يەر تۈزلەش ھاجەتسىز. تېمىتىپ سۇغى - رىش ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى سۇ باشلاپ سۇغىرىشقا قارىغاندا %50 سۇنى تېجەپ قالىدۇ. (03)

# سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ لايىھەلەشتە توڭ كۆتۈرۈپ بۇزۇلۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئايشىنۇر غېنى
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

قىسمەن بېتون بىلەن ياسالغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەردە، قىش كىرىپ مۇز تۇتۇشتىن بۇرۇن سۇ قويۇشنى توختىتىپ، ئۆستەڭنى قۇرۇغداپ قويمىغانلىقتىن، بېتون تاختا تېگىگە سۇ سىڭىپ كىرىپ يەر توڭلاپ، ئۆستەڭگە ياتقۇزۇلغان بېتون تاختىلارنى قومۇرۇپ تاشلاپ ياكى ئېگىز - پەس قىلىپ، ئۆستەڭنىڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشقا توغرا كېلىپ، ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر سۇ ئورنىنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 0.3 مېتىردىن تۆۋەن بولسا، ئۆستەڭنىڭ مۇز تۇتۇپ بۇزۇلۇشىنى ئويلاشمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ لايىھەلەشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ئۆستەڭ لىنىيەسى مۇمكىنقەدەر قۇم - شېغىل ئارىلاشقان يىرىك دانچە تۇپراق ئۇستىگە لايىھەلىنىشى كېرەك.

2. ئۆستەڭ لىنىيەسى يەر ئاستى سۇ يۈزى تۆۋەن، يەر ئۇستىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ياكى يەر ئۇستىگە تولۇقلىما بەرمەيدىغان تۇپراق ئۇستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

3. ئەگەر يەر ئاستى سۇ يۈزى يۇقىرى بولۇپ، يەر ئۇستىگە تولۇقلىما بېرىدىغان تۇپراق ئۇستىگە ئۆستەڭ ياساش توغرا كەلسە، كۆتۈرمە ئۆستەڭ ياساش لازىم.

4. ئۆستەڭ لىنىيە ئوكلۇننى چوڭايتىپ، كېسىك يۈزنى كىچىكلەتكەندە، بېتون تاختا تېگىدىكى توڭلاش كۆلىمى ئازلاپ، توڭ كۆتۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلاتقىلى بولىدۇ.

5. ئۆستەڭنىڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش ماتېرىيالى ئەڭ ياخشىسى مەخسۇس ياسالغان 0.2 ـ 0.7 مىللىمېتىرلىق يالتىراق يوپۇق بولسا ياكى

# ئوغۇز سۈتىنىڭ چىشى ماللارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشتىكى رولى

ئابلىمىت ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

چىشى ماللار تۆللەپ 4~6 كۈنلۈك بولغۇچە ئاجرىتىپ چىقارغان سۈتى ئوغۇز سۈتى دېيىلىدۇ. ھەر 100 مىللىلىتىر ئوغۇز سۈتىدە 189 كىلو كالورىيە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بولۇپ، تەركىبىدە قۇرۇق ماددا 25% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ 18% تىنى مىنېرال ماددا تەشكىل قىلىدۇ. ئوغۇز سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى قۇرۇق ماددا ئادەتتىكى سۈتنىڭ تەزكىبىدىكى قۇرۇق ماددىدىن 2~3 ھەسسە، ئاقسىل مىقدارى 5~6 ھەسسە، كاروتىن تەخمىنەن 10 ھەسسە، ۋىتامىن A ئالتە ھەسسە، ۋىتامىن $B_2$ ئۈچ ھەسسە كۆپ بولىدۇ. ئوغۇز سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى ئىممۇنىتېتلىق شارچە ئاقسىلى 15% ئەتراپىدا بولۇپ، ئادەتتىكى سۈتنىڭ تەركىبىدىكى ئىممونىتېتلىق شارچە ئاقسىلىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. لېكىن ئوغۇز سۈتىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولۇپ، چىشى ماللارنىڭ تۇغۇت قېتىم سانى ۋە تۇغقان ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقى تەركىبلەرنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى 1 ـ، 2 ـ قېتىم تۇغقان ئىنەكنىڭ ئوغۇز سۈت تەركىبىدىكى توقلۇق ماددىلار 3 ـ قېتىم تۇغقان

قارماي ئارىلاشقان بېتون بولسا تۇك كۆتۈرۈپ بۇزۇلۇش ئاز كۆرۈلىدۇ. كىچىك ئۆستەڭلەرنى يېپىق شەكىلدە ياساش مۇۋاپىق. چۈنكى ئۆستەڭنى يېپىق شەكىلدە ياسىغاندا، ئۆستەڭ ئۈستى قىسمى توڭلاش چوڭقۇرلۇقىنىڭ 2/3 قىسمىدىن تۆۋەن بولىدۇ.

6. تاش تىزىپ ياكى بېتون بىلەن سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش توغرا كەلسە، كىچىك ئۆستەڭ بولسا «U» شەكىللىك قىلىپ ياسىسا ياخشى بولىدۇ. چوڭ ياكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۆستەڭلەر بولسا، ئۆستەڭ تاپان قېلىنلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۈچ مېتىر ئارىلىق تاشلاپ ئۈزۈنسىغا ئىككى سانتىمېتىر چاك قويۇپ ياساش كېرەك. (05)

ئىنەكنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ئىنەك تۇغۇپ 120 سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئوغۇز سۈتىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى يۇقىرى بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي تۆۋەنلەپ ئادەتتىكى سۈت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئوغۇز سۈتىدىن پايدىلىنىپ چىشى مال ئورگانىزمىدىكى ھورمۇنلارنىڭ دەۋرلىك ئالمىشىشىنى تەڭشەشكە، تۇخۇمدان فولىكۇلاسىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، كۈيلىتىش ۋە تۇخۇم ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تۇغقان، تېنى ساغلام، يېلىن ياللۇغى بولمىغان ئىنەكلەرنىڭ ئوغۇز سۈتى ئىشلىتىلىدۇ. ئوغۇز سۈتىنى سېغىشتىن بۇرۇن يېلىن ۋە يېلىن توپچىلىرىنى ئىلمان سۇدا يۇيۇپ، داكا بىلەن سۈرتۈپ، %75 لىك ئىسپىرت بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ. ئوغۇز سۈتىنى سېغىۋالغاندىن كېيىن بۇلغىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر 100 مىللىگرام ئوغۇز سۈتىگە پېنىتسىللىن (青霉素) ياكى ستىرېپتومىتسىن (链霉素) دىن 50 مىڭ بىرلىك ئارىلاشتۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلىدۇ.

كونكرېت ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: (1) ئوغۇز سۈتى باليانقۇنىڭ يېغىلىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، تۆرەلمە ھەمرىيىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جىنسىي ئورگىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا ئىنەك تۇغۇپ 1~3 كۈنگىچە ئوغۇز سۈتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا شۇ ئىنەككە ئوكۇل قىلسا كۈيلەش دەۋر ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، بوغاز بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ئىنەك تۇغۇپ 24 سائەت ئىچىدە، ئوغۇز سۈتىدىن ئىنەكنىڭ يەككە تەن پەرقىگە قاراپ 20~30 مىللىلىتىرنى بويۇن تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلسا كۈيلەش دەۋر ئارىلىقى 7~10 كۈن ئەتراپىدا قىسقىراپ، بوغاز بولۇش نىسبىتى %15 ئاشىدىكەن. ئەگەر بۇ خىل ئوغۇز سۈتىگە %0.5 لىك نىئوستىگمىن (新斯的明) دىن ئىككى مىللىلىتىر ياكى مەزى بېزى ھورمۇنى (前列腺素) تۈرىدىكى ھورمۇنلارنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن. شۇڭا ئوغۇز سۈتىنى ئو-

كۆل قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە مۇرەككەپ ۋىتامىن A، D، E لارنىڭ بىرىكمىسىدىن 10 مىللىلىتىرنى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلسا، بوغاز بولۇش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا ئەھمىيىتى زور بولىدۇ. (2) ئوغۇز سۈتى ئارقىلىق چىشى ماللارنىڭ جىنسىي كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدۇ. يەنى ئىنەك تۇغقان ھامان ئۆزىنىڭ ئوغۇز سۈتىدىن 20 مىللىلىتىرنى بويۇن تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلسا ياكى 1 ـ 1.5 كىلوگىرامنى ئىچكۈزسە بالىياتقۇ ياللۇغى، سېرىق تەنچە كېسەللىكلىرىنى ۋە تۆرەلمە ھەمرىيى چۈشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى، بالىياتقۇ ئىششىقى، تۇخۇمدان كېسەللىكلىرى قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئىنەكلەردىكى كۈيلىمەسلىككە 0.5% لىك نىئوستىگمىن ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇز سۈتىنى بويۇن تېرە ئاستىدا ئوكۇل قىلسا كۈيلەش نىسبىتىنى 70% ـ 80% گە، بوغاز بولۇش نىسبىتىنى 80% گە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ساغلىقلارنى بىرلا ۋاقىتتا كۈيلىتىش ئۈچۈن ھەربىر ساغلىققا 15 ـ 20 مىللىلىتىردىن ئوغۇز سۈتىنى ئوكۇل قىلسا بىر ھەپتە ئىچىدە كۈيلەش نىسبىتىنى 90% ـ 93% گە، شۇ قېتىملىق كۈيلەكتە ئۇرۇقلاندۇرۇلسا بوغاز بولۇش نىسبىتىنى 80%~85% گە يەتكۈزگىلى، ئۇرۇقلاشتۇرۇش يېشىغا يەتكەن غونىجىنلارغا 30 مىللىلىتىر ئوغۇز سۈتىنى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلسا 3~5 كۈن ئىچىدە كۈيلەش نىسبىتىنى 95% ـ 98% گە، بوغاز بولۇش نىسبىتىنى 70% ـ 75% گە يەتكۈزگىلى، تۇغۇپ بىر يىلغىچە كۈيلىمىگەن ياكى نورمال كۈيلىسىمۇ بوغاز بولمىغان ئىنەكلەرگە 20 مىللىلىتىر ئوغۇز سۈتى ياكى 0.5% لىك نېئوستىگمىدىن 10 مىللىلىتىر قوشۇلغان ئوغۇز سۈتىنى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلسا، بىر ھەپتە ئىچىدە كۈيلەش نىسبىتىنى 85% ـ 93% گە، بوغاز بولۇش نىسبىتىنى 75%~90% گە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. (02)

# كالا ـ قوي باقمىچىلىقىدا ئوت-چۆپ، يەم-خەشەكنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىش كېرەك

ئورۇزئېلى ئابدۇللا
(ئۇلۇغچات ناھىيە قىزىلئۆي يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845350)

نۆۋەتتە، بەزى دېھقانلار كالا، قويلارنى باقاندا كۆممىقوناق، قوناق، بۇغداي قاتارلىق يەملەرنى ئاساسلىق يەم ـ خەشەك قىلىپ باقىدۇ ياكى بۇ يەملەرنى تالقانلاپ، ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ ياكى قورۇق ھالىتى بويىچە بېرىپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كالا، قويلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ ھەتتا كالا، قويلارنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ. توغرا بولغان بېقىش ئۇسۇلى ئەلۋەتتە «ئاشلىق (دانلىق ئاشلىق) نى ئاساسىي ئوزۇق قىلىپ ئوزۇقلاندۇرۇشنى، يەم ـ خەشەكنى ئاساسىي ئوزۇق قىلىپ ئوزۇقلاندۇرۇش» قا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى كالا، قويلار كۆشىگۈچى ھايۋان بولۇپ ئۇلارنىڭ چوڭ قېرىن، تورلۇق قېرىن، توققۇز تونلۇق، ھەقىقىي قېرىنىدىن ئىبارەت تۆت ئاشقازىنى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى قېرىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئالدى قېرىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى قېرىن، بولۇپمۇ چوڭ قېرىندا كۆپ مىقداردا باكتېرىيە ۋە ئىپتىدائىي (بىرلەمچى) قۇرت تۇرىدىكەن بولۇپ، يەم ـ خەشەك تەركىبىدىكى يىرىك تالالارنى ئارىلاشتۇرىدۇ ۋە پارچىلايدۇ، يەم ـ خەشەكلەر ئاساسلىقى ئالدى قېرىندا مۇشۇلارغا تايىنىپ ھەزىم قىلىنىدۇ. كۆپ مىقداردىكى يەم ـ بوغۇز (ئاشلىق) لار بولۇپمۇ ئۇماچ شەكىللىك يەم ـ خەشەكلەر ئالدى قېرىندىكى باكتېرىيە ۋە بىرلەمچى قۇرتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پائالىيىتىگە ئىنتايىن پايدىسىز. ئەگەر كالا، قويلار ئۇزۇن مەزگىل ئاشلىقنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىپ ئوزۇقلاندۇرغاندا، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كالا، قوي كۆشەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، كالا، قويلار يېگەن يەم ـ خەشەكلەرنى ئېغىز بوشلۇقىغا قايتۇرۇپ چىقىپ، ئىنچىكە ئۇشـ

# ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ھەققىدە ساۋات

تۇرغۇن تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 844900)

ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ئىش بۆلەكلىرى ۋە ئىش پىرىنسىپلىرىدىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، سوقا شەكىللىك ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ۋە دىسكا شەكىللىك ئايلانما ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. تۈزۈلۈشى: ئادەتتە سوقا شەكىللىك ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ماشىنا رامى، تارتىش قۇرۇلمىسى، سوقا گەۋدىسى ۋە چاق قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. دىسكا شەكىللىك ئايلانما ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى ماشىنا رامى، كۆپ يۆنىلىشلىك ھەرىكەت ئۆزىتىش ئوقى، ھەرىكەت ئۆزىتىش كۆرۈپكىسى، پىچاق دىسكىسى، توپا توسۇش تاختىسى، قويرۇق چاق ۋە تۈزەش تاختىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ.

2. ئىش پىرىنسىپى: دىسكىلىق ئايلانما ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسى

---

شاقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن يۇتىدۇ. كۆپ مىقداردىكى ئاشلىقلارنى يېگۈزگەندە دائىم كۆشەش توختاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا كالا، قويلارنىڭ نورمال ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم كۆپ مىقداردىكى شاخ ـ شۇمبا، يېشىل ئوت ـ چۆپ، قۇرۇق ئوت ـ چۆپ بىلەن بېقىش كېرەك.

كالا، قوي ئاشقازىنىنىڭ ھەجمى چوڭ، پەقەت ھەجمى كىچىك ئاشلىقلارنى، يەنى دانلىق زىرائەتلەرنى بەرگەندىلا كالا، قويلاردا دائىم قورسىقى تويمىغاندەك سەزگۈ پەيدا بولىدۇ، لېكىن يىرىك تالاسى مول يەم ـ خەشەكلەرنى بەرگەندە بۇ خىل سېزىم پەيدا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاشلىقنى يەم سۈپىتىدە بېرىش كېرەك، بىراق كالا، قويلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى قىلىپ بەرمەسلىك كېرەك. يەنى سۈت كالىسى، سۈت قويلىرىغا كۆپ بەرگەندىن سىرت، باشقىلىرىغا تالاسى مول يىرىك يەم ـ خەشەكنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىش كېرەك. (02)

ئىشلىگەندە ئېرىقنىڭ مەركىزىي سىزىقىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ يۆنىلىشلىك ھەرىكەت ئۆزىتىش ئوقى ئارقىلىق، ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ ھەرىكەت ئۆزىتىش كۆرۈپكىسىدىكى پىچاق دەستىسىنى ئايلاندۇرىدۇ. ئايلىنىش يۆنىلىشى بىلەن ماشىنا چاقىنىڭ يۆنىلىشى قارىمۇ – قارشى بولىدۇ. پىچاق دىسكىسى بىر تەرەپتىن ئايلىنىپ بىر تەرەپتىن ئىلگىرىلەيدۇ. پىچاق دىسكىسى توپىنى يۇمشىتىدۇ ھەم يۇمشىتىلغان توپا پىچاق دىسكىسى ئارقىلىق چىقىرىلىپ، ئېھتىياجلىق ئېرىق شەكلى ھاسىل بولىدۇ.

3. ئېرىق چىقىرىش ماشىنىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كاشىلىلار: (1) ئىش دىسكىسى ئايلانماسلىق ياكى ئايلىنىش جانلىق بولماسلىق. سەۋەبى: ① ھەرىكەت ئۆزىتىش ئوقى بۇزۇلغان؛② سۈرئەت ئۆزگەرتىش كۆرۈپكىسىدىكى چىشلىق چاق بۇزۇلغان؛ ③ ئوق قازان بۇزۇلغان؛ ④ ھەرقايسى قىسىملار ئارىسىدىكى يوچۇق بەك كىچىك بولۇپ قالغان بولىدۇ. (2) چىقىرىلغان ئېرىق قاشلىرى تەكشى بولماسلىق. سەۋەبى: ① كونۇس يۈزلۈك پىچاق تىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېگىزلىكى بىردەك بولماسلىق؛ ② كونۇس يۈزلۈك دىسكا تەۋرىنىش پەرقى چوڭ بولۇپ كېتىش، سىرتقى يۈزلىرىنىڭ يىرىكلىكى ئۆلچەمگە لايىق بولماسلىق. (3) ئېرىق ئىچىگە توپا كۆپ يىغىلىپ قېلىش. سەۋەبى: ① ئىچكى يان پىچاق تىغىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماسلىق؛ ② ئايلىنىش سۈرئىتى يېتەرلىك بولماسلىق، سىرىلىپ چۈشكەن توپا بىرقەدەر كۆپ بولۇش. (4) ھەرىكەت ئۆزىتىش چاسا ئوقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىش. سەۋەبى: ① ھەرىكەت ئۆزىتىش ئوقى بىلەن ئاسما رامىنىڭ كۈچەيتىش تۈرۈبىسى ئۆزئارا تېگىشىپ قېلىش؛ ② يۈك بەك چوڭ بولۇپ كېتىش؛ ③ سۈرئەت ئۆزگەرتىش كۆرۈپكىسى قاپلىشىپ قېلىش. (5) سۈرئەت ئۆزگەرتىش كۆرۈپكىسىدىكى ئاۋاز غەيرىي چىقىش. سەۋەبى: ① كونۇس چىشلىق چاق قوشۇمچە يوچۇقى بەك چوڭ بولۇپ قېلىش؛ چىشلىق چاق ئۇپراش ياكى چىش سۇنۇپ كېتىش؛ ③ ئوق قازان بۇزۇلۇش؛ ④ ھەرىكەت ئۆزىتىش ئوقىنىڭ تەۋرىنىشى بەك چوڭ بولۇش سەۋەبچى بولىدۇ. (02)

# سامساق ساقلاش ئۇسۇلى

ئايشەمگۇل تاش
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

زاپاس ساقلىنىدىغان سامساقنى تۇپراق توڭلاشتىن بۇرۇن، يەر تۈزلۈلۈشى ئېگىزرەك، تەسكەي يەرنى تاللاپ، چوڭقۇرلۇقىنى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكىنى 60 ـ 70 سانتىمېتىر قىلىپ ئورا كولاش كېرەك. تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ نۆلدىن تۆۋەن 12℃ قا چۈشكەندە سامساقنى ئورىغا سېلىپ ساقلىسا بولىدۇ.

ساقلاشتىن 2 ـ 3 كۈن بۇرۇن سامساقنى ئاپتاپقا سېلىپ، نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئورىنىڭ تېگىگە خىش پارچىسى، شاكال قاتارلىقلارنى 5 ـ 6 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قويۇپ، ئاندىن سامساقنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە دۆۋىلەپ، ئۈستىگە قاسراق، پاخال قاتارلىقلارنى يېپىپ كەپە ياساپ، تۆت ئەتراپىنى توپا بىلەن كۆمۈپ، ھاۋا ئۆتۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىنچىكە تاياقنىڭ ئۇچىغا تېرمومېتىرنى چىگىپ، كەپىنىڭ ئىچىگە ساڭگىلىتىپ ئېسىپ، ئورىنىڭ ئىچىدىكى تېمپېراتۇرىنى 0℃ ـ 10℃ ئەتراپىدا ساقلاش كېرەك. ئەگەر ئورا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن بولسا پاخال يېپىپ ئىسسىقلىق ساقلاپ، تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە ئېلىۋەتسە بولىدۇ. قار ياغقاندا قارنى پاكىز سۈپۈرۈپ، قار سۈيى ئورىغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەتىيازدا تېرىشتىن 2 ـ 3 كۈن بۇرۇن سامساقنى ئورىدىن ئېلىپ ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن تېرىسا بولىدۇ. بۇ خىل ساقلاش ئۇسۇلىدا سامساق 0℃ دىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا تۇرغاچقا، نەپەسلىنىش رولى توختىغان ياكى يېرىم توختىغان ھالەتتە تۇرۇپ، ئوزۇقلۇقىنىڭ خورىشى ئاستا بولىدۇ. تېرىشتىن بۇرۇن سامساق چىشىسىنىڭ رەڭگى ئاپئاق بولۇپ، بىخلىنىشى بىردەك بولىدۇ، تېرىغاندىن كېيىن تۈپىنىڭ ئۆسۈشى باراقسان، مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولىدۇ. (03)

# يولاق سويىدىكى مۇھەببەت

ئابلەت جۇمە تۇپراق
(قەشقەر گېزىتى ئىدارىسىدىن 844000)

قىلغان ئىشىدىن سۆيۈنۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمەس. ساخاۋەتچى ئاتا مۇھەممەتتۇرسۇن روزى بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنە شۇنداق بەخت تۇيغۇسىغا يەنە بىر قېتىم چۆمۈلدى. بۇ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «مېھرىبان ئانا، ساخاۋەتچى ئاتىلار» ۋەكىللىرى قەلبىدىكى چەكسىز مېھرىنى، قولىدىكى سېخىيلىق داستىخانلىرىنى مىگىول كەنتىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلار، نامرات دېھقان چارۋىچىلارغا كەڭ يېيىپ، 23 مىڭ يۈەنلىك كىيىم ـ كېچەك، نەق پۇلنى تارقىتىپ، مېھرى ـ مۇھەببەت داستانىنى يېزىپ چىقتى. مۇھەممەتتۇرسۇن روزى «مېھرىبان ئانا، ساخاۋەتچى ئاتىلار» نى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغىنىدىن شۇنچىلىك سۆيۈندى. ئۇ «مېھرىبان ئانا، ساخاۋەتچى ئاتىلار» نى ئۆزى قۇرغان «مىگىول» بۇلاق سۈيى زاۋۇتىغا باشلاپ، «مېھرىبان ئانا، ساخاۋەتچى ئاتىلار» نىڭ ئۆزىگە بەرگەن يۈكسەك باھاسىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇرۇمچىدىكى مېھرىبان ئانىلارنىڭ قۇرغۇچىسى رەيھان قاسىم ئاپپاي، قەشقەردىكى مېھرىبان ئانىلارنىڭ قۇرغۇچىسى ھاجى ئاتىكە مىرئەخمەت قاتارلىق ئانىلارنىڭ بۇ زاۋۇتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە بەرگەن ئىلھاملاندۇرۇشىدىن زوقلاندى.

ئادەم ساغلام، جانلىق، روھلۇق بولۇشى كېرەك، چۈنكى روھ ئادەمنى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان ھەيدەكچى، يېگىدىن ـ يېگى ئىقبالغا باشلاپ بارىدىغان مەنىۋى كۈچ. 43 ياشقا كىرگەن مۇھەممەتتۇرسۇن روزىمۇ تۇرمۇشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى تاۋلىغان ئەزىمەت، ئۇزۇكسىز مۇشۇ روھ بىلەن ئۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ياراتتى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىرانسپورت كەسپىنى ياخشى كۆرۈپ شوپۇرلۇقنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنىدى. دېگەندەك بىردىنلا ئۇنىڭ دىلى يورۇپ تىجارەت يولىغا قەدەم قويدى، بۇ چاغدا ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى داڭلىق سودا ئورۇنلىرىدىن بولغان ياشلار سودا سارىيىنى ئىجارە ئالدى، ھەمدە تۆت قەۋەت بۇ سودا سارىيىنى بۆلۈپ ئىجارىگە بېرىش بىلەن بىر

چاغدا، ئۆزىمۇ داڭلىق ماركىلىق ئاياغلارنى سېتىپ تىجارەت قىلدى. ئۇ كۆپ قاتلاملىق تىجارەت قىلىش ئارقىلىق بىر قانچە يىلدىلا ئالدىنقى قاتاردىكى تىجارەتچىلەردىن بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، تەقدىرنىڭ تەتۈر قىسمىتى بىلەن كۆز تەگكەندەكلا سودا سارىيىغا ئوت كەتتى. مۇھەممەتتۇرسۇن بۇ چاغدا ھەممە ماددىي نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەتتا قەشقەر تاشقى ترانسپورت شىركىتىدە ياللانما خادىم بولۇپ ئىشلىدى. ئەمما ئۇ ھەم بىخەتەر، ھەم باشقىلارغا نەپ بېرىدىغان بىرەر تىجارەت تۈرىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى ھەمدە دۆلەتنىڭ ئالدىن تەربىيەلەپ، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنۇم بېرىدىغان تۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ، 2004 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزىگە كىرىپ، ئاشپەز تەربىيەلەش بويىچە كۇرس ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. پىچىنە ـ پىرەنەك پىشۇرۇش كۇرسىنى نۇقتىلىق ئېچىش، كومپيۇتېر، ياغاچچىلىق، تامچىلىق، سىرتقا چىقىپ ئىشلەش، شۇنىڭدەك قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىنى قوشۇمچە قىلىپ كۇرس ئېچىش ئارقىلىق ھەر يىلى 3000 ـ 5000 غىچە كىشىنى تەربىيەلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە تۆھپە قوشتى. ئۇ بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبە توپلاپ، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۈنۈملۈك تەربىيەلەش، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تەشكىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ مۇشۇ ساھەدىكى ئىقتىساس ئىگىسى، كەسپىي ئەھلى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، نۆۋەتتە ئۇ بۇ كەسپتە يولۇشلەشكەن مۇلازىمەت ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويدى.

مۇھەممەتتۇرسۇن روزى شەھەردە تۇغۇلۇپ يېتىلگەن شەھەر بالىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېزىغا بولغان مۇھەببىتى شۇ قەدەر چوڭقۇر، ئۇ قاچانلا بولسۇن يېزا ـ بازارلارغا، تاغ ـ داۋانلارغا چىقىشقا ئامراق ئىدى. 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسى مۇش يېزىسىنىڭ باشلىقى ياقۇپجان تاسادىپىي پۇرسەتتە مۇھەممەتتۇرسۇن روزىنى بۇ يېزىغا تەۋە مىگىيول كەنتىگە باشلاپ باردى ھەمدە بۇ يەردىكى توختاۋسىز ئېقىپ تۇرىدىغان يۇزلىگەن بۇلاقنى كۆرسەتتى، گەرچە بۇ ساياھەت شەكلىدىكى كۆرۈش بولسىمۇ، مۇھەممەتتۇرسۇن روزىنىڭ قەلبىدە بۇ بىر كۈزۈر بولۇپ تۇيۇل-

دى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم مىڭيولغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، بۇلاقلارنىڭ ئېسىل تەبىئىي سۈيىنى تېتىپ كۆرۈپ تولىمۇ هاياجانلاندى ھەمدە مەبلەغ سېلىپ بۇلاق سۈيىنى ئىستېمالغا كەڭ كۆلەمدە يېتەكلەشتەك قىزغىنلىقتا چۆمـ. دى. مۇھەممەتتۇرسۇن روزىنىڭ ئەڭ قىزىققان يېرى ۋە ئۇنىڭ سودا ئىسـ. تىقبالى ھەققىدىكى قىياسىنىڭ دەللىكى مىڭيول ناھايىتى ئۇزاق زامانلار. دىن بۇيان كارۋان يولى، شۇنداقلا ئەتراپتىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت سودا ئالاقىسى نۇقتىسى، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار پائالىيەتلىد. رىدە ئۇچرىشىش مەركىزى، قەدىمكى زامانلاردا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈ. گۈنلىرىدىن بىرسى بولغانلىقىدا ئىدى. بۇلاردىن باشقا مىڭيولنىڭ گۈزەل، تەبىئىي مەنزىرىسى، مول تاتلىق سۇلىرى، ئېسىل مېۋە - چېۋە، ئاشلىق، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىمۇ داڭلىق ئىدى. مۇھەممەتتۇرسۇن روزى تەكشۈرۈپ كۆرۈش جەريانىدا مىڭليولدىكى بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى دۆلەت سۇ. پەت - تېخنىكا تارماقلىرى ۋە سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئا. نالىز قىلىشىغا سۇندى، ئۇلار چىقارغان يەكۈنىدىن بۇ بۇلاقلارنىڭ سۈيىدە 50 خىلدىن ئارتۇق مىنېرال ماددا بولۇپ، ماددىلار ئىچىدە كەمدىن كەم تې. پىلىدىغان ۋە ئادەم ئورگانىزمى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان سىلىسىئوم كىسلاتاسى (Sr) غا ئوخشاش ماددىلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. چۈنكى مىڭيولدىكى بۇلاق سۇلىرى ــ قەدىمىي ئۇزۇلمە گىرانىت تاش قاتـ. لىمى ئارىسىدىكى ئېسىل كان مەھسۇلاتلىرىنى چايقاپ چىققانلىقتىن، بۇلغىنىشتىن خالىي، ساپلىقنى ساقلىغان، كەم تېپىلىدىغان ماددىلارنىڭ ئوزۇقلۇق جەھەتتىكى قىممىتى ۋىتامىنلاردىن قېلىشمايتتى. ھالبۇكى يول، قاتناش، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە جەھەتتىكى يېتىشسىزلىك تۈپەيلىدىن ئاشۇ قىممەتلىك بايلىق ئۇيقۇ ھالىتىدە ياتقانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ قېتىم قىيىنچىلىقى بارلارغا سېخىيلىق قىلىپ، ياردىمىنى ئايىماي كېلىۋاتقان مۇھەممەتتۇرسۇن روزى بۇ بايلىقنى ئاچقاندا ھەم شۇ يەردىكى نامرات دېھقانلارغا ھەم دۆلەتكە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن چىقىش نۇقتىسى قىلدى. ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى ۋە

كونىشەھەر ناھىيەسى ھەمدە يېزا، كەنت، شۇنىڭدەك سۇ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2010 - يىلىدىن باشلاپ زاۋۇت قۇرۇلۇشى قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. توققۇز مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈچ يىلدا سەككىز مىڭ كۇۋادىرات مېتىر كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىپ، زامانىۋى ئەسلىھەلەرگە ئىگە، 24 سائەتتە 100 مىڭ بوتۇلكا سۇ ئىشلەپچىقىرالايدىغان، يۇرۇشلەشكەن زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى سېتىۋالدى ھەمدە سۇ زاۋۇتىنى 2013 - يىلى 5 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، مىكيول ماركىسىدىكى بوتۇلكىلىق مىنېرال سۇلارنى بازارغا سالدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ مىكيولدىن ئىبارەت خىلۋەت، گۈزەل ماكان يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

ھالبۇكى، بۇ ئىش ئۈنچىلىك ئاسانغا توختىمىدى. مۇھەممەتتۇرسۇن روزى يول - قاتناش ئىنتايىن ناچار، ئۈچۈر تولىمۇ يېتەرسىز ئەھۋالدا قانچە قېتىم بوران - چاپقۇن، كەلكۈن، قار - يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى بىرقانچە قېتىم سەل كېلىپ ۋەيران قىلىۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلدى. مۇھەممەتتۇرسۇن روزى مىكيول بۇلاق سۈيىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، مىكيول كەنتىدىكى نامراتلارنىڭ 30 نەپەر بالىسىنى ئىشقا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەر بىلەن تەربىيەلىدى، شۇنداقلا بەزى خادىملىرىنى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلارغا ئەۋەتىپ تەربىيەلىدى، مۇشۇ ساھەدىكى داڭلىق تېخنىك، كەسىپ ئەھلىلىرىنى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ، تەربىيەلەش، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش بىلەن پائال شۇغۇللاندى. نۆۋەتتە مىكيول ماركىسىدىكى بۇلاق سۇلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەممە بازارلىرىدا بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات بولۇپ قالدى. بايقىساڭ توپىمۇ ئالتۇن دېگەندەك، مۇھەممەتتۇرسۇن روزى بايقىغان مىكيول بۇلاق سۇلىرى تەبىئەتنىڭ لەززەت - كەۋسىرى، تەنلەرنىڭ قۇۋۋەت - ھوزۇرى سۈپىتىدە خەلققە مەڭگۈ بەخت ئاتا قىلىشقا باشلىدى. (05)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**57 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغانلىققا دائىر ئەرز ـ شىكايەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ، كەينىگە سۆرەپ ۋە باستۇرۇپ قويۇپ بىر تەرەپ قىلمىغان ياكى ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچىدىن ئۆچ ئالغانلارنى ئىشلەيدىغان ئورنى، مەسئۇل تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

دۆلەت ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا قانۇنغا ئەمەل قىلماي، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشلىرىنى ۋاقتىدا توسماي ياكى زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللارغا تېگىشلىك ياردەم بەرمەي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىرىنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتى، جىسمانىي ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتى شۇنىڭدەك نىكاھ، ئائىلە ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتقانلارنى ئىشلەيدىغان ئورنى، مەسئۇل تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلار دۆلەت خادىمى بولسا، ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**58 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاياللارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىپ ياكى ئائىلە زوراۋانلىقى قىلىپ، ئامانلىق

باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش شەكىللەندۇرۇلگەن بولسا، زىيانغا ئۇچرىغۇچى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا قانۇن بو-يىچە مەمۇرىي جازا بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلسىمۇ بولىدۇ.

**59 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ئايالالارنىڭ غۇرۇ-رىغا تەگكەن ۋە زىيانغا ئۇچراتقانلارنى مەدەنىيەت، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزى-يە، ئاخبارات، نەشرىيات تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار خىزمەت ھوقۇقى بويىچە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۇلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ.

**60 ـ ماددا** ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شە-ھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇشۇ قانۇنغا ئاساسەن، يولغا قويۇش چارىسى چىقارسا بولىدۇ.

مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق بەلگىلىمە ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمە چىـ-قارسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-تىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ بەلگىلىمىسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىـ-تېتى تەستىقلىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**61 ـ ماددا** بۇ قانۇن 1992 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. (05)

# پاختا تېرىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئەخمەت مەتنىياز   نۇرگۈل تۇنىياز   ماھىرە مەمتىل
(ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 843000)

كېۋەز دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئىقتىسادىي زىرائەت. ئەمما دېھقانلار پاختا تېرىش مەزگىلىدە بىپەرۋالىق قىلىپ، مەھسۇلاتقا ۋە سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا مەلۇم تەسىر يەتمەكتە. ئادەتتە كېۋەز غۇنچىلاپ 55 ـ 60 كۈندە ئاندىن غوزىلار تۆۋەندىن يۇقىرىغا، ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ ئېچىلىدۇ. پاختا تېرىش مەزگىلى كېۋەزنىڭ سورتى، ئۆسۈش شارائىتى، ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ۋە غوزا ئېچىلىش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. بالدۇر ئېچىلغانلىرى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېچىلىشقا باشلاپ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە غوزا كۆپلەپ ئېچىلىش مەزگىلىگە كىرىدۇ. پاختىنى بەك بالدۇر ياكى بەك كېيىن تېرىش پاختىنىڭ تالا سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كېۋەز غوزىسى ئەمدىلا يېرىلغان چاغدا پاختىنى يىغىۋالسا پاختا تالاسى پىشمىغان بولغاچقا، پارقىراقلىقى ياخشى بولماي سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا غوزا ئېچىلىپ بەك كېچىكىپ يىغىۋېلىنسا بوران، يامغۇرغا ئۇچراپ، پاختىلار يەرگە تۆكۈلۈپ، نەم تارتىپ سارغىيىپ، تالاسىنىڭ دەرىجىسى چۈشۈپ، مەھسۇلاتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پاختىنى كېۋەز غوزىسى تولۇق ئېچىلغان ۋاقىتتا تېرىش، يەنى غوزا ئېچىلىپ 7 ـ 10 كۈندە تېرىش كېرەك. رايونىمىزدا پاختا تېرىش مەزگىلى دەل كۈزلۈك ئاشلىقنى يىغىش، كۈزگى بۇغداي تېرىش، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يىغىش قاتارلىق دېھقانچىلىق مەشغۇلاتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كېلىدىغان بولغاچقا، تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، يەنى دېھقانلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، قايسى ئائىلىنىڭ پاختىسى يىغىشقا تېگىشلىك بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ پاختىسىنى ئاۋۋال يىغىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا پاختىنى دەل ۋاقتىدا يىغىش بىلەن بىرگە، يۇقىرى باھادا پاختا يىغدۇرۇپ زىيان تارتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ياخشى پاختا بىلەن ناچار پاختىنى، قىروۋدىن بۇرۇن ئېچىلغان پاختا بىلەن قىروۋدىن كېيىن ئېچىلغان پاختىلارنى ئايرىم چۈلەش، ئايرىم قاچىلاش، ئايرىم توشۇش، ئايرىم سېتىش ئارقىلىق يۇقىرى مەھسۇلات ۋە يۇقىرى ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (05)

# دېھقان شادلىقى

مۇھەممەتجان ئىسمائىل يۇناقى
(چىرا ناھىيەلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848300)

ئۇزاپ تومۇز يېتىپ كەلدى سېخى كۈز،
تون كىيىشتى سېرىق رەڭدىن كۆكتاتلار.
كەتتى كاككۇك، قالغاچلارمۇ خوشلىشىپ.
ھەمراھ قىلىپ ئۆمرىگە قۇت، مۇرادلار.

دېھقان ئاكام چىققتى راسا بۇ يىلمۇ،
مول ھوسۇلنى قوشلاپ ئېلىپ يۇخادىن.
ئەنە قاراڭ ئالغان بۇغداي، قوناقنى،
ئېشىپ كەتتى نەچچە يۈز قاپ ـ تاغاردىن.

يەنە تېخى پاختا باسقان سوپىكى،
قاتارلىشىپ پونكىت تامان چاپماقتا.
ئوتلاقلاردىن قايتقان توپ ـ توپ چارۋىسى،
سەل سۈيىدەك دولقۇن ياساپ ئاقماقتا.

توشۇلماقتا چۈنچىلەرگە قولمۇ ـ قول،
ياقۇت رەڭلىك مۇناقى ۋە سەيۋىسى.
بېسىلماقتا كوزۇپلارغا لىقمۇ ـ لىق،
ئالما، نەشپۈت توشقۇزۇلغان يەشىكى.

يايرىماقتا باغچىسىنى بىر ئېلىپ،
سان ـ ساناقسىز توخۇ، ئۆردەك ـ غازلىرى.
ياڭرىماقتا ھەر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ،
تىنىم تاپماس ناخشا ـ قوشاق سازلىرى.

ئەگە بولدى دېھقان ئاكام بۇ يىل كۈز،
مانا شۇنداق بەرىكەتكە، ئامەتكە.
قاتتىق ئىشلەپ ھالال يولدا ئاخىرى،
يەتتى كۈتكەن «باي دېھقان» لىق ھالەتكە. (02)


سازچی یاگیراق سازیدا قیلسا سینی ناخون موقام،
جان قاناتلانغای شوتان بولغاچ ساگا مپتون موقام،
سن بیلن دائم آتومور گولنزار بمز گوکلون موقام،
دلغا آتەشتەك حارارت بەرگوچی یالقون موقام،
ئانا موقام، ئوتلوق موقام، گوگلون موقام، ئالتون موقام.
موقام


قوربان هییتنگزلارغا موبارەك بولسون

## دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 64 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



9-ئاينىڭ 2-كۈنى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە لېكسىيەگە قاتناشقان ۋىلايەت ۋە شەھەردىكى بىر قىسىم خانىم قىزلاردىن خەلقىمىزگە بايراملىق سالام.

بۈزەينەپ ئەلى خەۋىرى ۋە فوتوسى


# 农村科技

(月刊)

# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:《 يېزا پەن - تېخنىكىسى 》ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016